مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# ميراس

6

2006

ISSN 1004-3829
12>
9 771004 382027




قۇربانجان روزى شەيدائى ئىشلىگەن



# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2006 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 98 - سان)



## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە قارشىلىق كۈچى..............دىلمۇرات مەھمۇت (1)

دۇنيا تىجارىتىدە شەرق ۋە غەرب يۆنىلىشى.....ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان (36)

يوقىلىۋاتقان تائام مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي سالاھىيىتىمىز...ئاينۇرە دۆلەت (65)

## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى..............ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن كىروران (6)

## كىم ئەقىللىق - كىم زېرەك

سۆز ئويۇنى..........تەييارلىغۇچى: ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (22)

## ئۈنچىلەر تىزمىسى

قادىر كەشمىر (داستان)..........توپلىغۇچى: ئابدە ئىبراھىم (24)

## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

كۆلكە داۋانلىرى.........ماخمۇت مۇھەممەد (46)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا سوۋغا بېرىش ئادىتى..........ئابدۇقەييۇم مىجىت (56)





باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر، 14 - قەۋەت
TEL: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004-3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60-58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۆرنىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**

شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى بايراملار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى..................
..........................................يالقۇن تۇرسۇنىياز (69)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

پارچىلار..........................خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (62)

## شەيتان بەت

ھەجۋىي رەسىملەر..........................................(78)

## 主 要 目 录

录文化的传播与其抵御力 ................ 迪木拉提・穆罕默德 (1)
世界贸易的东西方趋势 ......... 阿不都巴斯提・阿不都热合曼(36)
正在消失的维吾尔族饮食文化与民族身份 ... 阿依努尔・杜拉提(65)
维吾尔族敬送礼品之俗 ............... 阿不都克尤木・米吉提(56)
维吾尔族的第二故乡 ............ 吾买尔・买买提依明・克罗兰(6)

مۇقاۋىدا: «تەكلىماكان» مۇھەممەد ئاللابەردى لايىھىلىگەن. بۇ ئەسەر 2005 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك قول ھۈنەر بۇيۇملىرى يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن.

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

**جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编:
玉素甫．依莎克
副主编:
穆合塔尔．穆罕默德
责任编辑:
胡尔仙阿依．买买提明

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 22 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
**E-mail: mirasuyghur@126.com**
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
22 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 5¥



# مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە قارشىلىق كۈچى

دىلمۇرات مەھمۇت

نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى بەزى ئالىملار تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتالدى. ھالبۇكى، بۇ خىل «ئۇرۇش»نى بۇرۇن بولمىغان دېسەك، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر مۇھىم پاكىتنى ئىنكار قىلغان بولىمىز. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىنسان توپى ئەزەلدىن پەقەت ئۆز مەدەنىيىتىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن ئەمەس. باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلمىغان ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنىمۇ باشقىلارغا تارقىتالمىغان مىللەت ياكى قوۋم تارىختا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇزاققا بارمىغان. ئىنسانىيەت بۇ خىل ئالماشتۇرۇشقا تايانمىغان بولسا ھەرگىزمۇ بۈگۈنگە ئۇلىشالمىغان بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئانتروپولوگ لىنتون ئۆزىنىڭ «ئىنسان ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە بىر ئامېرىكىلىق ئەرنىڭ بىر كۈنىنىڭ دەسلىپىدىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى مىسالغا ئېلىپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھادىسىسىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى چوڭقۇر يىلتىزىنى بىزگە ھېس قىلدۇرىدۇ.

«ئۇ ئويغاندى، ئۇ ياتقان كارىۋاتنىڭ پاسونى يېقىن شەرقتىن كەلگەن، بىراق ئامېرىكىغا كىرىشتىن ئىلگىرى شىمالىي ياۋروپادا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش ياسىغانىدى. ئۇ يوتقىنىنى يايدى، بۇ ھىندىستاندا ئەڭ دەسلەپ ئۆستۈرۈلگەن پاختىدىن ياكى يېقىن شەرقلىكلەر ئۆستۈرگەن زىغىردىن ۋە ياكى جۇڭگولۇقلار ئەڭ دەسلەپ بايقىغان يىپەكتىن تىكىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى يەنە يېقىن شەرقلىكلەر ئىجاد قىلغان ئۇسۇل بويىچە توقۇلۇپ چىقىلغانىدى.

ئۇ ھىندىستانلىقلار ئىجاد قىلغان ئۇخلاش كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، قەدىمكى گائۇل خەلقى كەشىپ قىلغان سوپۇن بىلەن يۇيۇندى، ئاندىن ساقال ئالدى. بۇ خىل ئادەم خارلاشقا يېقىن تۇرىدىغان يوسۇن سۇمېردىكى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنىدى.

ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىشتىن ئاۋۋال دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر تاشلىدى. دېرىزە قەدىمكى مىسىرلىقلار ئىجاد قىلغان ئەينەكتىن پۈتكەنىدى. ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا، ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىندىيانلار دەرەخ يەلىمىدىن ياسىغان يامغۇر كەشىنى كىيىۋالاتتى ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالىقلار كەشىپ قىلغان كۈنلۈكنى ئېلىۋالاتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىش ئۈچۈن ماڭىدىغان يولدا ئۇ بىر پارچە گېزىت سېتىۋالاتتى. تۆلەيدىغىنى قەدىمكى لىدىيانلىقلار ئىجاد قىلغان تەڭگە پۇل ئىدى. ئۇنىڭ تامىقى جۇڭگولۇقلار كەشىپ قىلغان فارفۇر قاچىغا ئۇسۇلاتتى. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن پىچىقى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا ئىجاد قىلىنغان بىر خىل ئارىلاشما مېتال ـ تۆمۈردىن ياسالغانىدى. ۋىلكا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ كەشپىياتى ئىدى. شورپا سايلىقىنى رىملىقلار ئىجاد قىلغانىدى. ئۇ مېۋە (ئامېرىكا قىتئەسى تاۋۇزى) يەيتتى، قەھۋە (ئېفىئوپىيىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ياسالغان) ئىچەتتى...

ئاندىن ئۇ ھىندىچىنالىقلار كۆندۈرگەن بىر خىل قۇش (توخۇ)نى ياكى شەرقىي ئاسىيالىقلار كۆندۈرگەن بىر خىل ھايۋان (كالا بولۇشى مۇمكىن ـ ئاپتور) گۆشنى يەيتتى. بۇ گۆش شىمالىي ياۋروپالىقلار ئىجاد قىلغان ئۇسۇل بويىچە سۈرلەنگەندى...» ① .

يۇقىرىقى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى پەقەت بىر كۈننىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكىدىكى خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دەۋرىمىزدىكى ھەرقانداق بىر كىشى بۇلارنى ئۆز تۇرمۇشىدىن ئىزدەپ باقسا بولىدۇ. كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن خالىي ياشاپ كەلگەن ئەمەس. لېكىن بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ دەرىجىسى ۋە مەزمۇنى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقايسى قوۋملاردا پەرقلىق بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ياپونىيىلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشتىكى مىقدار ۋە تۈر جەھەتتە ئەسلا باراۋەر قىلغىلى بولمايدۇ.

جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ ئايرىمىسى بولغان يىپەك يولىنىڭ نەق تۈگۈنىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار دۇنيادا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىسىنى ياراتقان. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشلار ئىچىدىكى زور ھەم ھەل قىلغۇچ قىسىملارنى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا باغلىيالايمىز: بىرىنچىسى، ئۇرخۇن خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى ئەسىر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن شىمالىي يايلاق شامانىزم مەدەنىيىتى ئارىسىدا بىر خىل مۇۋازىنەت شەكىللەنگەندى؛ ئىككىنچى قېتىملىقى ئىسلامنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن باشلاندى. ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزەكى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن تارتىپ، قىممەت قاراشلىرىغىچە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. يەرلىكلەر ئىسلاملاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىنى يەرلىك دىنلار (بۇددا، شامان ئېتىقادلىرى ۋەھاكازالار) بىلەن يۇغۇرۇپ يەرلىكلەشتۈردى؛ ئۈچىنچى قېتىملىق تاللاش مانا بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ دەۋرنىڭ مۇقەددىمىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغان مەزگىلدىن باشلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئاشۇ مۇقەددىمە مەزگىلدە، رۇسلار ۋەكىللىك قىلغان ياۋروپا مەدەنىيىتى رايونىمىزنىڭ شىمالىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. رۇسچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى يەرلىك ئادەتلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىردى. «20 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتىدا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز دولقۇنى ۋە تەنھا مونوپولىزىمى ئۆزىنىڭ قوزغاتقۇچلۇق رولىدىن باشقا، مىللىي ئەنئەنە ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېڭى شەكىللەر بىلەن راۋاجلىنىشىغا مۇئەييەن سەلبىي تەسىرلەرنىمۇ كۆرسەتمەي قالمىدى. ھەتتا مىڭ يىللاردىن بۇيانقى مەدەنىيەت ئەندىزىمىزنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئۇدۇملىرى رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدە ئۇزاققىچە تاشلىنىپ قالدى» ② . شۇ چاغدا جەدىتىزىمۇ شىنجاڭ رايونىغا كىرىشكە باشلىغان. شۈبھىسىزكى، بۇ يېڭىچە پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئاچتى.

ھالبۇكى، ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار بىلەن بۇ قېتىملىق ئالماشتۇرۇشنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى بارلىق 3 ـ دۇنيا ئەللىرى تەڭ يۈزلەنگەندى. غەربنىڭ ئاتالمىش «يەر شارىلىشىش» دېگەن چىرايلىق ئاتالغۇسى ئەمەلىيەتتە «غەربلىشىش»تىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «غەربلىشىش» بولسا، ئەمەلىيەتتە ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ يولىدا مېڭىشنى كۆرسىتەتتى. بىز مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ئەڭ زامانىۋى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر ۋاستىسى بولغان تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئالايلى، ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى بارلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئىچىدە ئامېرىكىدىن كېلىدىغىنى 75%نى ئىگىلەيدىكەن، بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەيرىي خەۋەر پروگراممىلىرى ئىكەن. لاتىن ئامېرىكىسىدا كۆرسىتىلىدىغان 60% تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئىمپورت قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 80% فىلىم ئامېرىكىنىڭ ئىكەن ③ .

شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەلتەنىتى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلغان بۇ ئەسىرىمىزدە غەربلىكلەردىن ئەمدى ھېچكىم شەرقنىڭ يولىدا مېڭىشنى ئاقلانىلىك دەپ قارىمايتتى. شەرقنىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى، ئەل خارەزمىنىڭ ماتېماتىكىدىكى ئۇتۇقلىرى، ئۇلۇغبەگنىڭ رەسەتخانىسى، ئىبنىسىنانىڭ «ئەجەلدىن باشقىسىغا دەۋا بولالايدىغان»

تېببي ئىلىملىرى، بۇددىزىمنىڭ سىرلىق مىستىسىزملىق دۇنيا قاراشلىرى، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پارلاق سەلتەنىتى ئاللىبۇرۇن تارىخنىڭ خىرە بۇلۇڭلىرىغا مەھكۇم قىلىندى. ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش مىللىي روھقا تەسەللى بېرىشتىن باشقىنى ئاتا قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاچچىق پاكىت ئاشكارىلىنىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئەمدى جىددىيلەشكەن ۋە تىتىلدىغان ھالدا يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىشنىڭ پۇرسەتلىرىنى نۇرغۇن 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە ئوخشاش غەرب دۇنياسىدىن بىلىپ ـ بىلمەي ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ خىل ئىزدەش تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئەلۋەتتە توغرا ئىش، چۈنكى ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەر بىلەنلا يۈكسىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى ئۇتۇقلىرىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزلەشتۈرمىسەك، خەلقئارا سەھنىدىن بىراقلا چۈشۈپ قالىمىز. مانا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت ئالدىدا، قانداق نەرسىلەرنى قانداق يول بىلەن، قايسى دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈش مەسىلىسى نۆۋەتتە ئالدىمىزغا قويۇلغان چوڭ بىر سىناق بولۇپ تۇرماقتا. ئىزدەش ئۇسۇلىمىز ۋە يولىمىزدا چاتاق بولسا، ئۇنۇمسىز ھەرىكەت قىلغان بولىمىز. ئۇنۇمنى كۆرمىسەكمۇ مەيلى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ زىيىنىنى تارتىپ قالساق، پۇشايمان دورا بولالمايدۇ. بۇ تاللاشنى توغرا ئېلىپ بېرىش يولىنى تېپىشتىن بۇرۇن، بىز تاللىماقچى بولغان مەدەنىيەتنىڭ مەنىسىنى قايتا چۈشىنىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس.

مەدەنىيەت دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي ئەرەبچىدە «شەھەرلىشىش» دېگەن گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن بىز بۇ يەردە تەھلىل يۈرگۈزمەكچى بولغان مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ بۇ قەدىمكى قاراش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى، ھازىرقى مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئاللىبۇرۇن شەھەرلىشىش ئۇقۇمىدىن ھالقىپ كەتتى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىساق، مەدەنىيەت ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى يارالمىلاردۇر. بۇنىڭ قارشىسىدا ئىنساننىڭ يارىتىش قۇربىتىدىن تاشقىرى بولغان تەبىئەت دۇنياسى بار. غەربلىكلەر مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ئىنچىكە تونۇش ئۈچۈن ئۇنى سىۋىلىزاتسىيە ۋە كۇلتۇر دېگەن ئىككى خىل تۈرگە ئايرىغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىككى ئۇقۇم ئاللىبۇرۇن بىر ھادىسىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولماي، پۈتۈنلەي ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئىش سۈپىتىدە قارالماقتا. بىزنىڭچىمۇ بۇنى ئايرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ناھايىتى زور. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا مەدەنىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئاددىي قىلىپ چۈشەنسەك، سىۋىلىزاتسىيە ئۇقۇمى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئىنسانىيەتنى تەرەققىياتقا باشلايدىغان بارلىق ئىلغارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەجبۇرىي مائارىپ، قانۇن ـ تۈزۈم، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىقلار. كۇلتۇر ئۇقۇمى بولسا، مەلۇم بىر توپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۇرمۇش شەكلى، دۇنيا، قىممەت قارىشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي سىۋىلىزاتسىيىنى ئىلغارلىق، كۇلتۇرنى ھەزارەت ياكى فولكلور دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۇلتۇر فولكلوردىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تۆۋەندە فولكلور دەپلا ئاتاشنى لايىق تاپتۇق. فولكلورنىڭ ئىچىدە ئۈچ خىل مەزمۇن مەۋجۇت. بىرى، ئىلغار بولغان ئېسىل تەركىبلەر، مەسىلەن، ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاش، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋەھاكازالار. يەنە بىرى، ناچار، قالاق تەركىبلەر. خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ، قاتمال ئىدىيىلەر بۇنىڭغا ۋەكىل بولالايدۇ. مەسىلەن، قارىلىق تۇتقاندا خېلى ئۇزاققىچە يۇيۇنماسلىق، تارانماسلىق، پالچىلىق قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچىسى بولسا ئارىلىقتىكى تەركىبلەر. بۇلاردا يا ئىلغارلىق، يا قالاقلىق ئالامەتلىرى يوق بولۇپ، بۇنداق فولكلور ھادىسىلىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش، رەڭ قاراشلىرى، مېھمان كۈتۈش، مىللىيچە كىيىنىش ئادەتلىرى، ۋەھاكازالار.

يۇقىرىقى تۈرلەرگە ئايرىشتىن شۇنىسى روشەن بولىدۇكى، سىۋىلىزاتسىيە تەرەققىي قىلىش ئىستىكى بولغان ئىنسان ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبتۇر. مەسىلەن، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانغا بىۋاستە نەپ بېرىدۇ. فولكلور بىر مىللەتكە ياكى توپقا تەۋە مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنى باشقا بىر مىللەت ياكى توپ قوبۇل قىلمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كېلىنچەككە غەربلىكلەردەك ئاق كۆڭلەك كىيگۈزمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ غەربلىكلەرنىڭ فولكلور ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان مەدەنىيەت تەركىبى يوق. دەرۋەقە، فولكلور ئىچىدىكى ئىلغار، ئېسىل تەركىبلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. لېكىن بىز

ئىپتىدائىي ئىنسان بولغان بولساق، بۇ تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسەك بولاتتى. ھالبۇكى، بىزنىڭ فولكلور خەزىنىمىز بىزنى بىر مەدەنىي خەلق قىلىپ كۆرسىتىشكە يېتىپ ئېشىپ تۇرسىمۇ، يەنە باشقىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى دوراپ يۈرسەك، تەرەققىياتىمىزغا كۈچ قوشقان بولمايمىز. لېكىن، غەربلىكلەرنىڭ كىيىملىرى ئۈچىمىزغا چىقىپ بولدى. ئەسلىي بۇ قوبۇل قىلمىسىمۇ بولىدىغان بىر فولكلور ئىدى. پاكىستانلىقلار، ھىندىلار، ئەرەبلەر ۋە يەنە باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بىزگە ئوخشاش مۇراسىم ۋە سەھنە كىيىمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق. ناۋادا كىشىلەرنىڭ ئىلغارلىققا بولغان چۈشەنچىلىرى مۇشۇنداق كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئارىلىقتىكى فولكلور ھادىسىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق تۇرۇۋېرىدىكەن، تەرەققىياتقا يۈزلىنىشتىن ئۈمىد كۈتۈش تەس.

بىزدە غەربلىكلەر قوبۇل قىلغىلى ئەرزىگۈدەك مەدەنىيەت تەركىبلىرى بارمىدۇ؟ دېگەن سوئالنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتقان بىر ـ ئىككى چەت ئەللىك بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا بۇ سوئال كاللامغا تۇنجى بولۇپ كەچكەنىدى. ئۇلار ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۇيغۇرچە سالاملىشىشتىن باشقا، ئۆيگە يېڭى مېھمان كەلسە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆرگە باشلاشنى، مېھمانىنى ئىشىكتىن چىقىپ قارىسى يىتكىچە ئۇزىتىپ تۇرۇشنى، چوڭلارنى ئاكا، ئاچا، كىچىكلەرنى ئۇكام، سىڭلىم دېيىشنى، رېستوراندا تاماق پۇلىنى تالىشىپ تۇرۇپ تۆلەشنى، «خوشە» دەپ ھاراق ئىچىشنى ئۆگەنىدى. مەن بىلگەن تەرەپلەر شۇنچىلىك. بۇلارنى ئۇلار قوبۇل قىلمىسىمۇ ئوخشاش ياشاپ كېتىۋېرەتتى. پەقەت مۇشۇ رايوندا ياشاپ تۇرغىنى ھەم ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگىنى ئۈچۈنلا ۋاقىتلىق بولسىمۇ قوبۇل قىلغان، خالاس. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئۇلارنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەر ئەمەستە. لېكىن چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ پەرقى يوق، ئادەمگەرچىلىك سۇسلاپ كەتكەن، ئىنسانىي ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە تەكىتلىنىپ، ئەركىنلىك چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتقان غەربلىكلەردىن بىزنىڭ بۇ تەرىپىمىز ئەلۋەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ (ھاراق مەدەنىيىتىدىن باشقىسى).

دەۋرىمىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ۋاستىسى ۋە تېزلىكىنى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى ۋاستىلەر بولغان سودا ۋە ساياھەتكە بۈگۈن يەنە كىنو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ئىنتېرنېت تورى قوشۇلدى. كېيىنكى ئىككىسىنىڭ قىسقىغىنە دەۋردىكى رولى ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرىنى نەچچە قاتلىۋەتتى. يېقىنقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە دۇنيادا بارلىققا كەلگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئورتاق تۇرمۇش شەكلى ۋە دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە دەل شۇلار سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن ئارقىدا قالغان ئەللەرنى قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالدى. مەسىلەن، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ تېلېۋىزىيىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دۇنيادىكى نوپۇس ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەردە تېلېۋىزىيە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىغا ئايلانغان. مەسىلەن، پىرودىكى 400 ئادىمى بار بىر كىچىك يېزىدا تۇرۇۋا سۈيى، قەرەللىك پوچتا مۇلازىمىتى، ھەتتا ئېلېكتر سىمى تارتىلىشتىن ئىلگىرىلا باتارېيىلىك تېلېۋىزورلار قويۇلۇشقا باشلىغان. ساخارادىكى ئەڭ چوڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت تورانگولار 1983 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسىم تېلېۋىزىيە فىلىمى «داللاس»نى كۆرۈش ئۈچۈن يىللىق چوڭ كۆچۈشنى ئون كۈن كېچىكتۈرگەن[4]. جۇڭگودا 10 ـ 20 يىلنىڭ ئالدىدا باشلانغان ئەھۋالنى ئەسلەپ باقساقلا كۇپايە، بالىلار «مىكى چاشقان بىلەن دونالد ئۆردەك»نى كۆرۈش ئۈچۈن ھەر يەكشەنبىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. چوڭلار بولسا «رازۋېدچىك خوذتېر»نى ھەر چارشەنبە كۈنى كۆرۈشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. مانا مۇشۇنداق غەربنىڭ نۇرغۇنلىغان فىلىملىرىدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئارىمىزغا تۇيدۇرماي سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كېيىنچىرەك بايقاپ قالدۇق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدىكى دەۋر بوشلۇقى بۇرۇنقى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ياشلار زامانىۋىلىقنى بىۋاستە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن باغلايدىغان بولدى. ئۇلار ئۈچۈن غەربنىڭ بارچە نەرسىسى زامانىۋىلىقنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ قالدى. يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ سېھرىي كۈچى غەرب مەدەنىيىتىنى پەردازلاپ، ئۇنى 3 ـ دۇنيالىقلار ئالدىدا نۇقسانسىز ساھىبجامالغا ئايلاندۇردى. ھالبۇكى، غەرب دۆلەتلىرى تاشقى مەدەنىيەت ئالدىدا ناھايىتى

سوغۇققاندى. مەسىلەن، ئامېرىكا تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ناھايىتى ئاز ئىمپورت قىلدى (ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسىم پروگراممىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). يۇقىرى سۈپەتلىك مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى كىرگۈزۈشتە ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى ⑤ . ئىنتېرنېت تورى ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە، جاھاننىڭ ئىككى چېتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر مەزمۇندىن بەھرىلىنىپ ھەم ئۇلارنى مۇنازىرىلىشىپ ئوخشاش تۇيغۇلارغا كېلىشىگە يول ئاچتى. قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە جۇڭگودا تور يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تورغا چىقىدىغانلار 111 مىليونغا يەتتى. بۇ سان 2004 ـ يىلدىكى ساندىن 50.2% ئارتۇق ⑥ .

گەرچە شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەمىشە راۋان ھەم ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. «بىر ـ بىرىنىڭ تائاملىرىنى تېتىش، ئوخشاش تۈردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش نېمە دېگەن ياخشى ... لېكىن بۇ خىل يۈزەكى ئىش ـ پائالىيەتلەر مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى قىممەت قاراشلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىغىنىدا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى قايتا تەكىتلەشكە باشلايدۇ. مانا بۇ مەدەنىيەتنىڭ قارشىلىق كۈچىدۇر» ⑦ . دېمەك، بۇ خىل قارشىلىق كۈچ مەدەنىيەتلەرنىڭ پەرقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار غەربلىكلەردىن تۇغۇلغان كۈن، توي خاتىرە كۈنى ئۆتكۈزۈشنى قوبۇل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشى بەكمۇ تەس. ياپونلۇقلار جۇڭگودىن يېزىق قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېجۇ ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە پۇت بوغۇش قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلمىغان. مانا بۇ مەدەنىيەتنىڭ قارشىلىق كۈچىدۇر. بۇ خىل قارشىلىق كۈچ بىر قەۋم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى مىللىي ئېتىقاد، ئەخلاق، تەپەككۇر قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. ناۋادا مۇشۇ ئىچكى كۈچ ۋەيران قىلىنسا، مەدەنىيەتنىڭ يادروسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بىز دەپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق مەدەنىيەت كۆچۈش دولقۇنى ئىچىدىكى دەسلەپكى ئىككىسىدە دەل مۇشۇنداق «يادرو ئۆزگىرىشى» بولغان. مەسىلەن، بىرىنچى قېتىملىقىدا شامانىزىم مەدەنىيىتىگە چەمبەرچاس باغلانغان يايلاق مىللەتلىرىگە خاس بولغان جەڭگىۋار خاراكتېر تېرىم مەدەنىيىتى شارائىتىدىكى بۇددا دىنىنىڭ قوينىغا كىرگەندىن كېيىن نازاكەتلىك خاراكتېرنى ئالغان. چۈنكى «ئۇلارنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا بولغان ئىچكى قارشىلىق كۈچى ۋە روھىي جۇغلانمىسى خېلىلا ئاجىز بولۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق مۇداپىئە شارائىتى ھازىرلىيالمىغان. ھامان گويا ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ جەلپكار قوينىغا ئەسىر بولاتتى» ⑧ . ئىككىنچى قېتىملىقىدا بۇ خىل خاراكتېر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. دىندىن ئىبارەت بۇ يادرولۇق مەدەنىيەت دۇنيا ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئوق يىلتىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى باشقا نۇرغۇن «شاخ» مەدەنىيەتلەرنىڭ شاللىنىشى ۋە قايتا قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. ئۈچىنچى قېتىملىقى تېخى ئايىغى چىقمىغان جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا. ياشاش رىقابىتى شىددەت بىلەن كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەدەنىيەتكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشلەر كۆپىنچە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بىزدە ياشاش پەقەت جان بېقىش، مەلۇم نەرسىلەرگە ئېرىشىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل مەدەنىيەت، دېگەن قاراش ئۈستۈن تۇرىدىكەن، مەدەنىيىتىمىزنىڭ قارشىلىق كۈچى زور تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشەلەيدۇ ھەم بۇ «ئۇرۇش»تا چوقۇم ئامان قالالايمىز.

ئىزاھلار:

① س. ئېنىب، م. ئېنىب (ئامېرىكا): «مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى» لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل 536 ـ ، 537 ـ بەتلەردە ئېلىنغان نەقىل.

② ئەسەت سۇلايمان: «رۇس ئەندىزىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى» «مىراس» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 3 ـ سان.

③ ، ④ ، ⑤ ، ⑦ جون نائىسبىت، پاترىسىيا ئابۇردىن (ئامېرىكا): «2000 ـ يىللاردىكى چوڭ يۈزلىنىش» شەرق نەشرىياتى 1990 ـ يىل 154 ـ ، 155 ـ ، 164 ـ بەتلەر.

⑥ سىچۇەن خەۋەر تورى، چېڭدۇ سودا گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىللىق 31 ـ دېكابىردىكى سانىدىن ئېلىندى.

⑧ ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995 ـ يىل 5 ـ سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن كىروران

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى

چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۈچۈڭنىڭ بارىدا يۇرت كەز.
ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ۋۇخەندە يەتتە سائەت**

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان پويىز 15 ـ كۈنى ئەتىگەن بېيجىڭ ۋاقتى توققۇز بولاي دېگەندە ۋۇخەن ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدىن چاڭشاغا بىۋاسىتە پويىز بولمىغاچقا، ۋۇخەندىن پويىز ئالمىشىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇ بۈنى دەپ، بۇ ئۈنى دەپ ئاخىر ۋۇخەندە يەتتە سائەت توختاپ، چۈشتىن كېيىن ماڭىدىغان بولدۇق. مەقسەت، مىڭ تەستە كېلىدىغان بۇ پۇرسەتتە ۋۇخەن شەھىرىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان دۇنياغا مەشھۇر چاڭجياڭ دەرياسىنى كۆرۈش ئىدى. قومۇلدىن چىققان ئالتەيلەننى قوشقاندا كارۋىنىمىز ئەزالىرىنىڭ سانى ئاۋۇپ 24 كە يەتكەنىدى. چۈشتىن كېيىنكى سەپىرىمىزگە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن يۈك ـ تاقلىرىمىزنى بېكەت ئىچىدىلا ساقلاشقا بېرىپ تالاغا چىقتۇق. بەلكىم ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان پويىزنىڭ ۋاقتىنى بىلسە كېرەك، يېنىمىزدىلا پەيدا بولغان بىر ئۇيغۇر بالا بىزنى ئاشخانىغا باشلىماقچى بولدى. نېرىراقتا يەنە ئۈچ ئۇيغۇر بالا پەيدا بولدى. غەيرەتجان ئوسمان مۇئەللىم ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۈچالىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى نىشانلاپ كېتىۋاتساق، يېنىمىزدىلا بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆردۇقكى، غەيرەتجان مۇئەللىم گەپ سورىغان ھېلىقى ئۈچ ئۇيغۇر بالىنى كىچىك قول سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان بىر خەنزۇ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بالىلار بىردەمدىلا ياندىكى بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. خىيالغا پاتتىم: «ئىچكىرىدە ئۇيغۇرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ، خوجايىنلار بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ماگىزىنغا كىرگىنىنى كۆرگەن ھامان: ‹ئوغرى كەلدى، ئۆزۈڭلەرگە ئاگاھ بولۇڭلار› دەپ ئەسكەرتىدىكەن، دەۋاتاتتى. ئەسلىدە بىزنىڭ ئوبرازىمىزنى مانا مۇشۇنداق قولى ئەگرىلەر بۇزۇۋېتىدىكەن ـ دە؟...»

ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى كۆرۈپ ئىشتىھايىمىز بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەنىدەك ياكى ئىككى كۈندىن بۇيان يېيىش نېسىپ بولمىغان قەدىناس تاماقلارنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالغاندەك قورسىقىمىز سىگنال بېرىشكە باشلىدى. ئاشخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى بىزنىڭ قەدىمىمىز بىلەن ئاۋاتلاشتى. شىنجاڭدا بەش يۈەنگە يەيدىغان ئۆي لەغمىنى بۇ يەردە ئون يۈەن ئىكەن... 24 ئادەم ئاشخانا خوجايىنىنىڭ بىزگە تاكسى چاقىرىپ بېرىشى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىنى كۆرۈش ئىستىكىدە بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ تاكسىغا ئولتۇردۇق. بۇ يەرلەردە (بىز بۇ قېتىم قەدەم باسقان

ۋۇخەن، چاڭشا، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە) تاكسىغا پۇل تۆلەش ئۇسۇلى ئاپتوماتلىشىپتۇ. تاكسىغا چىققان ھامان باھا سائىتى بېسىلىدىكەن، توختىغاندىن كېيىن بولسا باھا خاتىرىلەش ماشىنىسىدىن تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ موچەنلىرىگىچە ئاپتوماتىك بېسىلىپ چىقىدىكەن، خۇددى يۇرتىمىز تاللا بازارلىرىدىكى پۇل ھېسابلاپ تالون چىقىرىدىغان ماشىنىغا ئوخشاش. بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىشلارغا قۇلايلىق ھەم لىللا بولىدىكەن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى شوپۇرمۇ خېرىدارنىڭ تەلىپى ئۈچۈن ئارتۇق بېلەت ئىزدەپ ئاۋارە بولمايدىكەن، تالوندا تاكسى شىركىتىنىڭ تېلېفون نومۇرى، بىز ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ نومۇرىدىن تارتىپ، بىز ماشىنىغا چىققان ۋاقىتتىن بىز ماشىنىدىن چۈشكىچە بولغان ۋاقىتقىچە تەپسىلىي خاتىرىلىنىدىكەن. بۇنداق بولغاندا تاسادىپىي بىرەر نەرسىمىز تاكسىدا ئۇنتۇلۇپ قالسا دەرھال سۈرۈشتە قىلىشقا قۇلايلىق بولىدۇ ـ دە! بىردەمدىن كېيىنلا ھەممىمىز چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا جەم بولدۇق. نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان بۇ دەريا چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان، سۇيۇقلۇققا ئايلانغان غايەت زور ئادەمدەك شەرققە قاراپ سوزۇلغاندى. ئۇ ئىجتىمائىي بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئويچان باققىنىچە سۈكۈت ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك شاۋقۇنسىز ئاقاتتى. دەريانى كۆرۈش ئۈچۈن ۋۇخەن چاڭجياڭ كۆۋرۈكىدىن پەسكە ـ دەريا بويىغا چۈشۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بىر ئادەمگە ئىككى يۈەن بېلەت ئالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ دەريا يۈزىدىن 84 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى كۆۋرۈكتىن خۇددى ئېگىز بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن پەسكە چۈشكەندەك لىفىتقا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا چۈشتۇق. دەريادا لەمشىۋاتقان، رەڭگىنى ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بۇ سۇغا قاراپ، ئالەمچە خۇشال كەيپىياتتا گۈزەل بىر قىز بىلەن ئۇچراشقىلى مېڭىپ، كۈتمىگەندە بەتبەشىرە بىر مومايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ يەۋالغاندەك بولۇپ قالغان يىگىتتەك كۆڭلۈم باشقىچىلا بولۇپ قالدى. تەسەۋۋۇرۇمدىكى سۈزۈك دەريا كۆرۈنمەيتتى. دەريا يۈزىدىكى خىلمۇ خىل يىغىندى ئەخلەتلەر بازاردىكى تەرتىپلىك كىشىلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋالغان، كىيىملىرى قۇسۇق ئەدەبسىز مەستلەردەك لەيلەپ يۈرۈشەتتى. قارىغاندا سۇنىڭ بولغىنىش ھادىسىسى يۇرتىمىزدىكىلا ئىش ئەمەستەك قىلاتتى. دەريادىن پاراخوت بىلەن قارشى قىرغاققا ئۆتمەكچى بولدۇق. كۆۋرۈكتىن دەريا بويىغا چۈشۈش باھاسىدىن پاراخوت بىلەن ئۆتۈش باھاسى ئەرزان بولۇپ، بىر كىشىلىك بېلەت 1.50 يۈەن ئىكەن. ئالاھازەل يېرىم سائەتتەك ۋاقىتتا قارشى قىرغاققا چىقتۇق. بۇ دەريادىن ئەينى ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈزۈپ ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ـ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ قارشى قىرغاققا ئۇلاشقانلىقى ھەققىدىكى بايانلار دەريادىن ئۆتۈپ بولغىچە خىيالىمنى داۋالغۇتۇپ تۇردى. ئايالىم ئاينۇرغا پاراخوتتا تۇرۇپلا ئۈچۈر يوللىدىم. قىزلىرىم ـ ئابىدە، ئايتېكىن ۋە ئايالىممۇ بىللە بولغان بولسا، بۇ ساياھەتنىڭ ئەھمىيىتىگە تەڭ ئورتاقلىشار ئىدۇق، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى بالىلىرىم پاراخوتقا چىقىشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى...

يات شەھەرگە قەدەم باسساق ئالدى بىلەن شۇ يۇرتنىڭ كىتابخانىسىنى زىيارەت قىلىدىغان ئادىتىمىز بويىچە غەيرەتجان ئوسمان، مەتروزى مەخمۇت، ئەكبەر قادىر تۆتىمىز باشقا سەپەرداشلاردىن ئايرىلىپ ۋۇخەننىڭ ئەڭ چوڭ كىتابخانىسىنى ئىزدەپ بىر تاكسىغا چىقتۇق. شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات دېگەن كوچىلىرىغا قاراپ ئىككى نەرسىگە ھەيران بولماي قالدىم: بىرى، بىز يۇرتىمىزدا ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ تەشتەكلەرگە كۆچۈرۈپ ئۆستۈرىدىغان قاتتىق قۇلاقلىق ئاتالمىش گۈل بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا (باشقا شەھەرلەردىمۇ شۇنداقكەن) بىزنىڭ كوچا بويلىرىدىكى سېدە دەرەخلىرىدەك مەنزىرە دەرەخلىرى ھېسابلىنىدىكەن. سۆگەت گۈلىمۇ ھەم شۇنداق ئىكەن. يەنە بىرى، مىليون نوپۇسقا ئىگە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرى شۇنداق ئازادە بولۇپ، بىر قارىماققا ئادەم يوقتەكلا بىلىنەتتى. بىزنىڭ يۇرتنىڭ كوچىلىرىدا بۇنداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن زېرىكىدۇ كىشى. ئىسسىقتىن قورقۇپ ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋېلىشقانمىكىن دېسە، بۇ يەر ئۇ قەدەر ئىسسىقمۇ ئەمەس ئىدى. بىر يەرگە جەم بولۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتامدىكىن دېسە، بۇ يەردىكى كىشىلەر بىزدەك ئۆز جېنىغا ئۆزلىرى بىلىپ تۇرۇپ ئىكەك سالىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەستەك قىلاتتى.

ئەمىسە ئادەملەر نەگە كەتتى؟ يۇرتىمىزنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى خاتامۇ يا؟... ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە زاۋۇتلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار تەرەققىي قىلىپ ئۆزئارا يۇرۇشلەشكەچكە، كىشىلەردە رىقابەت ئېڭى شەكىللەنگەن ۋە شۇ رىقابەت ئېڭىغا يارىشا قىلاي دېسە ئىش دېگەن تېپىلىپ تۇرىدىكەن. ھېلىقى تاكسى شوپۇرىنىڭ دېيىشىچە، شەھەر نوپۇسىنىڭ % 70تىن ئارتۇقراقىنى ئىشتىن بوشىتىلغانلار ئىگىلەيدىكەن. تاكسىچىلارنىڭ كۈندىلىك ساپ كىرىمى ئادەتتە 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولىدىكەن. شۇنداق بولغاندا ئايلىق ساپ پايدىسى 9000 يۈەندىن 15 مىڭ يۈەنگىچە ئىكەن.

## چاڭشادىكى كورلىلىق ئوقۇغۇچىلار

ۋۇخەندىن چاڭشاغا قاراپ يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تېلېفونوم سايراپ كەتتى. قارىسام يوچۇنلا نومۇر، ئىشقىلىپ شىنجاڭنىڭ نومۇرى ئەمەس ئىدى. مەن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ناتونۇش نومۇرلۇق تېلېفونلارنى ئالماسلىق ھەققىدىكى «ئىچكىرى ئۆلكىلەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»نى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇ تېلېفوننى ئالمىدىم، چۈنكى «ئىچكىرى دېگەن مەن ئۈچۈن سىرلىق بىر دۇنيا، بۇ يەردە ھە دېگەندىلا كۆتمىگەن پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟...» كاللامدا شۇ خىيالمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ھېلىقىدەك خىياللارنىڭ ۋەھىمىسىدە ئۇ تېلېفوننى ئالمىدىم. لېكىن تېلېفون ئۇرغۇچى ئۇرۇشتىن توختاي دېمەيتتى. بىر كەمدە تېلېفونۇم سايراشتىن توختاپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچۇر كەلدى. قارىسام ھېلىقى نومۇرلۇق تېلېفوندىن كەلگەن ئۇچۇر ئىدى: «ئۆمەر تاغا، مەن خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان كورلىلىق ئوقۇغۇچى. باياتىن بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، سىلەر چۈشىدىغان مېھمانخانىغا بارغانىدۇق. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان داڭلىق يازغۇچىلارنى كۆرۈپ قەۋەتلا سۆيۈندۇق. تىزىملىكتىن سىزنىڭ ئىسمىڭىز ۋە تېلېفون نومۇرىڭىزنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولدۇق. سىز بىزنى تونۇمايسىز، لېكىن بىز سىزنى تونۇيمىز. بىز باينىغولىن ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. تېلېفون ئۇرساق ئالمىدىڭىز... ئەتە بىزمۇ يىغىنغا كېلىدىغان بولدۇق...». مەن قاتتىق خىجىل بولدۇم. مەيلى نېمىلا بولسۇن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. دەرھال ئۇچۇر يوللىدىم. ئۆز يۇرتۇڭدىن 4000 كىلومېتىر يىراقلىقتا بىرسىنىڭ ساڭا قېرىنداشلارچە تونۇشلۇق بېرىشى بۇگۈنكى مېھىر ـ مۇھەببەت بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغان جاھاندا كۆپ تېپىلمىسا كېرەك. راست دېگەندەك ئەتەسىدىكى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا خۇنەندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 20دىن ئارتۇق بالا قاتناشتى. ئالدىنقى كۈنى ماڭا تېلېفون ئۇرغان ھېلىقى بالىلار بىلەن كۆرۈشتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە خاسىيەت ئىسىملىك قىز كورلا شەھىرىنىڭ چارباغ يېزا چىلانباغ كەنتىدىن، ئەخمەتجان ئىسىملىك ئوغۇل بوستان كەنتىدىن، ئابابەكرى ئىسىملىك ئوغۇل قاراشەھەردىن ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئۆز قېرىندىشىنى كۆرگەندىن ئۆتە خۇشال بولۇشتى. يىغىن ئارىلىقىدا رەسىملەرگە چۈشتۇق. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ماكان ـ تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ فىكشۇ يېزىسىغا بىللە چىقتۇق. يىغىن تۈگەپ ئەتىسى، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇ بالىلار بىزنى خۇنەننىڭ سىمۋوللۇق جايلىرىنى كۆرسىتىشكە ئاپىرىدىغان بولدى. شۇ كۈنى يىغىن قاتناشچىلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئەتىگەن ۋە چۈشتە گاھىلىرى پويىزدا، گاھىلىرى ئايروپىلاندا كېتىپ بولۇشتى. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئوقۇتۇش باشقارمىسىدىكى مەتروزى مەخمۇت بىلەن ئىككىمىز ئۇ بالىلارنىڭ يول باشلىشىدا ئاۋۋال خۇنەندىكى مەشھۇر جاي يۆلۇ ئىنستىتۇتى (岳麓学院)گە باردۇق. يۆلۇ ئىنستىتۇتى دېگىنى ھازىرقى خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى ئىكەن. بۇ مىلادى 976 ـ يىلى قۇرۇلغان مەكتەپ بولۇپ، سۇڭ، يۈەن، چىڭ سۇلالىسىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مەشھۇر تۆت مەدرىس (ئاكادېمىيە)نىڭ بىرى ئىكەن. 1926 ـ يىلى خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ھازىر مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىكەن. 4600دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىسى، 30 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. كۆلىمى 1 مىليون 565 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان شۇنچە چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قاشا تېمىنىڭ يوقلۇقى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكىدەك كىچىككىنە نەچچە مو يەردىكى ئىدارىنى تۆمۈر رىشاتكىغا ئالدىغان كۆرۈنۈشلەرگە روشەن

سېلىشتۇرما ئىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى يېشىللىققا پۈركىگەن بىر تاغ ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. تاغقا چىقىپ 6 مىليون 393 مىڭ مىليون نوپۇسقا ئىگە چاڭشا شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى ئېگىزدىن تاماشا قىلماقچى بولدۇق. ئالاھازەل بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا چىقىپ بولدۇق، تاغنىڭ قاپ بېلىدە مەملىكەت بويىچە تۆت مەشھۇر راۋاقنىڭ بىرى دەپ قارىلىۋاتقان، سۆيگۈ ئاخشىمى راۋىقى (爱晚亭) دەيدىغان بىر راۋاق بار ئىكەن. تاغدىكى زۇمرەت كۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ راۋاقنى 1792 ـ يىلى چيەنلوڭ خان ئايالىغا ياسىتىپ بەرگەن ئىكەن... تاغدىن ئارقان ئورۇندۇق (يولات ئارقانغا ئورنىتىلغان ئورۇندۇق) بىلەن چۈشمەكچى بولدۇق. بىز ئارقان ئورۇندۇق بىلەن باسماقچى بولغان مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1238 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 211.5 مېتىر بولۇپ، تاغ چوققىسىدىن 25 مىنۇتتا چۈشۈپ بولغىلى بولىدىكەن. مەن كېتىۋېتىپ پەسكە قارىدىم. ئافرىقىنىڭ قەدىمىي ئورمانلىقىنى ئەسلىتىدىغان بوك ئۆسكەن ھەر خىل دەرەخلەر، يامغۇر ياغقاندا كولىنىپ كەتكەن ھەر چوڭ گوداڭلار... كاللامغا ناخۇش خىياللار كىرىۋېلىپ، ئىتتىكرەك نىشانغا يېتىۋېلىشىمىزنى تىلىدىم ئىچىمدە. ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ھەر قانچە سالامەتلىكى ياخشى ئادەم بولسىمۇ، تاسادىپىي ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلسىلا ئادەمنى سۈر باسماي قالمايتتى. سىيرىلىپ چۈشكەندىكى ئەڭ چوڭ يانتۇلۇق 21 گرادۇس بولۇپ، يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك كېسىلى بار ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدا ئولتۇرالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

مەن بىر تەرەپتىن قورققاندەك قىلساممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇراتتىم: خۇنەن دېگەن خەنزۇلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مەشھۇر كىشىلەر بىر قەدەر كۆپ چىققان جاي. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭنى ياقۇپبەگدىن تارتىۋالغان زوزۇڭتاڭ خۇنەنلىك. ئاندىن قالسا ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى، خۇ ياۋباڭ، جۇ روڭجى، پېڭ دېخۇەي، خې لوڭ، لو رۇيخۇەن... قاتارلىق سىياسىئون ۋە گېنېراللار، ئاندىن يەنە جوڭگودىكى ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولغان لېي فىڭ.... بەزى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇنەنلىكلەرنىڭ مىجەزىدە باشقا ئۆلكىدىكىلەرگە قارىغاندا ئىسيانكارلىق بىر قەدەر بىخلانغان بولۇپ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ تەقدىر بىلەن كۆرەش قىلىپ ئۆتەلىشىدىكى ئىچكى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى...

## قۇتلۇق يىغىن

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچ سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 10لار بىلەن چاڭشاغا يېتىپ كەلدۇق. تاكسىغا سومكىلىرىمىزنى بېسىپ ئازراق ماڭا ـ ماڭمايلا شوپۇرنىڭ ئېغىز ئېچىشى بىلەن بىز چۈشىدىغان جوجو مېھمانخانىسى (巨州酒店)غا بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باھانى تالىشىپ قالدۇق. شوپۇر سائەت بېسىپ مېڭىشقا ئۇنىماي: «25 يۈەن، كەم بولسا بولمايدۇ، سىلەر بەك ئېگىز، ھەم چوڭ ئادەملەر ئىكەنسىلەر...» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر تاكسىغا ئالماشتۇق. بۇ پېخسىقلىق قىلغىنىمىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ مېھمانخانىنى ۋوگزالغا يېقىن دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بۇ قېتىمقى شوپۇر 15 يۈەنگە ئاپىرىدىغان بولدى. كېيىن قايتىدىغان چاغدا مەلۇم بولدىكى، بۇ ئەسلىي يەتتە يۈەنلىك يول ئىكەن. دېمەك، بىز چاڭشاغا كەلگەن تۇنجى ئاخشىملا قويۇلغانلىقىمىزنى بىلدۇق. ئەسلىي سائىتىنى بېسىپ مېڭىۋەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ساختىلىقىنى بىلمىگەن بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟...

راست گەپنى قىلسام، يولبويى: «قانداقراق ئادەم بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ قالارمەن؟...» دېگەن خىيال مېنى قىينىماي قالمىدى. بۇنداق چوڭ يىغىنلاردا: «مەن پالانى بىلەن بىرگە ياتىمەن» دېگىلى بولمايتتى. سىزنىڭ كىم بىلەن يېتىشىڭىز سىز كەلگەنچە تۈزۈلگەن جەدۋەلگە يېزىلىپ مۇقىملىنىپ بولاتتى. ئالدىنقى بىر قېتىملىق يىغىندا بىرەيلەن بىلەن بىللە يېتىپ، بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتكەنىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتى شۇ قەدەر پۇرايدىكەنكى، ئېچىپ كەتكەن قۇسۇقنىڭ بۇسىلا ئىدى! بىراق نېمە ئۈچۈنكى ئۇ كىشى بۇنى سەزمەيتتى. مەن تۇنجى ياتاققا ئورۇنلاشقان كۈنۈمدىن باشلاپ نەچچە قېتىم: «مۇنچىنىڭ سۈيى بەك بەلەن ئىكەن، ئۇزاق يول يۈرۈپ چارچاپمۇ كەتكەنسىلەر، بەدىنىڭلىنى ئىسسىق سۇغا تازا قانغۇچە قاقلاپ، پايپاقلىرىڭلارنى يۇيۇپ يېتىۋېلىڭلار...» دېگىنىمدە، ئۇ: «چارچىمىدىم، تولا سۇغا چۈشسەم سوغۇقۇم ئېشىپ كېتىدۇ...» دېگەن گەپ

بىلەن تەكلىپىمنى تا يىغىن تۈگىگىچە ئويلىشىپ قويمىدى. بىرىنچى ئاخشىمىغۇ مەن بۇرۇنلا ئۇخلاپ قېلىپ، پۇراقنى سەزمىدىم. ئىككىنچى ئاخشىمىمۇ «قەشقەر»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ھەرقايسى تەھرىر بۆلۈملەردىن كەلگەنلەرنى جەم قىلغان سورۇنىغا بېرىپ سالا ـ سۇلھىگە كېتىپ قالغاچقا، كەيپىلىكتە ئۇخلاپ قاپتىمەن. لېكىن ئۈچىنچى ئاخشىمى ياتاققا كىرىشىم بىلەن بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان پۇراقنىڭ دەستىدىن تىنالمايلا قالدىم. تېلېۋىزور گىژىلداپ تۇراتتى. ئۇ كىشى پايپىقىنىمۇ سالمايلا مېنىڭ كارىۋىتىمدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، مەن ئۇنى ئويغىتىپ كارىۋىتىغا چىقىرىپ قويدۇم ۋە يۇيۇنۇۋېلىشنى ئېيتتىم. ئۇ بەك چارچىغانمۇ ياكى ئۇيقۇسى بەك كەلگەنمۇ، يەنە پەرۋاسىزلا كارىۋىتىدا ئۇخلاپ قالدى. سوغۇق بولۇشىغا قارىماي دەرھال ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ، سىرتنى بىردەم ئايلىنىپ كىردىم. پۇراق يەنە يوقىمىغانىدى. ئازراق توڭلىغاندەك قىلدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ يوتقىنىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە (توغرىسى پۇتىغا) چىڭ ياپتىم ـ دە، دېرىزىنى ئېتىپ، ئىشكاپتىكى يۇڭ ئەدىيالنى يۆگىنىپلا يېتىۋالدىم... بۇرۇن خورەكچىلەر بىلەن بىللە يېتىشتىن شۇنچىلىك بىزار بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەمدى...

تەلىيىمگە بۇ قېتىم غەيرەتجان ئوسمان مۇئەللىم بىلەن بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىمنى ئۇقۇپ: «خورەك تارتىشمۇ مەيلى، مەجەزى سالاپەتلىك تولىمۇ ياراشقان پاكىز بىر زىيالىي بىلەن بىرگە ياتقۇدەكمەن»دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولدۇم. خۇداغا مىڭ شۈكۈر، كېچىچە شۇنچە تىڭشىسامۇ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم. سەپەر جەريانىدا ئۆزۈمگە ئوخشاش تاماكىمۇ چەكمەيدىغان، ھاراقىمۇ خوشى يوق، خورەكمۇ تارتمايدىغان مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن بىر ياتاقتا يېتىشنىڭ كەم تېپىلىدىغان تەلەي ئىكەنلىكىنى بەلكىم بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەنلەر ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

ئەتىسى يىغىنغا بالدۇرلا ماڭدۇق. تۈنۈگۈن تارقىتىپ بەرگەن يىغىن كۈن تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، بۈگۈن ئەتىگەندىلا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلاتتى. ئۇنداق بولغاندا، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىمۇ تەۋرەپ كېتەتتى. يىغىننىڭ دەبدەبىسى باشقىچە بولاتتى. بىر كەمدە يىغىن زالى لىق تولدى. لېكىن ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كېيىن ئۇقساق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر يىغىنى دەل بۈگۈنكى كۈندە ئېچىلىدىغان، ئۇ يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزلەيدىغان بولۇپ قېلىپ، رەئىس ئۆزى كېلەلمەي، ئۆزرىسى كەپتۇ. شۇنداقتىمۇ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، خۇنەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى كەلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ماقالە ئوقۇشلار بولدى. مەن بۆلۈنگەن گۇرۇپپا تارىخ ـ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىدا ماڭا يېقىملىق تۇيۇلغان ئۇچۇرلار ئاز ئەمەس ئىدى:

پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئارىيە:... 2003 ـ يىلى يۈننەندە موڭغۇللارنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودا ئولتۇراقلاشقانلىقىنىڭ 750 يىللىقى خاتىرىلەنگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا موڭغۇلىيە، بېيجىڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇل باشلىق ۋە زىيالىيلار قاتناشتى. نەق مەيداندا قۇبلايخاننىڭ 7.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مەرمەر ھەيكىلىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. مەن قاتتىق ھاياجانلاندىم. يۈننەندىكى ھازىرقى موڭغۇللارنىڭ پەخىرلەنگۈدەك ئادەملىرى يوق دېيەرلىك. بىزدە جىئەن بوزەن قاتارلىق تونۇلغان ئالىملار بار... شۇ يىغىندىن كېيىن ئىچكى موڭغۇل ھۆكۈمىتى بۇ يەردىكى ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن 5300 دەك موڭغۇلغا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بەرگەن بولۇپ، ھازىر موڭغۇلچە باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كەپتۇ. بىز خۇنەندە ياشاۋاتقان 8000 دەك قېرىنداشلىرىمىزغا نېمىشقا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمەيمىز؟...

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئارىيە:... 840 ـ يىلدىن كېيىن تۇرپاندا قۇرۇلغان خانلىقنى ھازىر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتاۋاتىمىز. بۇنداق ئاتاش تامامەن خاتا. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىدىقۇت ـ «تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، قارا خانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان قارلۇقلارنىڭ ئارسلانخان، بۇغراخان... دېگەن مەنسەپ نامىغا ئوخشاش ئۇمۇ باسمىللارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ نامى. شۇنداق بولغاندا،

ئىدىقۇت دېگەنمۇ خاقانلارنىڭ مەنسەپ نامىنى بىلدۈردۇ. شۇڭا «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دېمەي، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»دەپ ئالغان تۈزۈك. ھازىر تۇرپان كوچىلىرىدىمۇ «ئىدىقۇت يولى»... دېگەندەك ئىسىملار ئومۇملاشقان. بۇ خاتا نامنىمۇ ئۆزگەرتىش زۆرۈر...

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى رەيھان قادىر خانىمنىڭ ماقالىسىدىن ئارىيە:... جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭجۇ ئايمىقى لياڭ شەھرىنىڭ شاجياڭ كەنتىدە 600 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار... ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش...

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن چوڭ زالغا يىغىلىپ بەش ئادەمنىڭ ئىجراسىدا نۇقتىلىق ماقالە ئوقۇش بولدى. ئاندىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئازاد سۇلتان ئەپەندى بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەر ئىچىدىن مۇكاپاتلانغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. كۈتمىگەندە «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئېتنولوگىيىسى ۋە ئاسترونومىيە، دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە نەزەر»ناملىق ماقالەمنىڭ مۇكاپاتلانغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ خەۋەر بەك تۇيۇقسىزلا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ مەن ھاياجانلانماي تۇرالمىدىم. قارىغاندا بۇ قېتىم مۇشۇ يىغىندا ئوقۇلغان 114 پارچە ئىلمىي ماقالە ئىچىدە مېنىڭ ماقالەم يامان ئەمەس يېزىلغان چېغى. ئىچىمدە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ماڭا ئىلھام بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتتىم. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا دادامنىڭ ساقاللىق سىماسى گەۋدىلەندى. كىچىك ۋاقتىمدا يۇرت ئاكتىپلىرى دادامنى پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئالدىدا سەھنىگە چىقىرىپ قويۇپ: «پومېشچىك، بۇزۇق ئۇنسۇر...» دەپ كۈرەشكە تارتقاندا، مېنىمۇ «پومەكنىڭ تۇخۇمى»دەپ ھاقارەت قىلىشاتتى. مەكتەپتە ھەر قانچە يۇقىرى نومۇر ئالساممۇ سىنىپىي تەركىبىم يۇقىرى بولغاچقا، ياكى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، ياكى «ئەلاچى ئوقۇغۇچى» بولالمايتتىم. بىزگە چېتىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ھەممە ئادەم بىزدىن قاچاتتى، خۇددى يۇقۇملۇق بىر كېسەل بىزدىن ئۇلارغا يۇقۇپ قالىدىغاندەكلا. ھەتتا دادام رەھمىتى قازا قىلغاندا، شۇ چاغدىكى گوڭشېنىڭ شۇجىسى (دادامنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى) مەھەللىدىكى پۈتۈن ئەزالارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ: «بۈگۈن بىر بۇزۇق ئۇنسۇر ئۆلۈپتۇ، كىمدە كىم ئۇنىڭ نامىزىغا بارىدىكەن، ئەتلىكىنى ئويلىشىپ قويسۇن...» دېگەنلىكىنى نامازغا پەتىگە كەلگەنلەر ئېيتىپ كىرىشكەنلىرىدە، نەقەدەر ھاقارەت، غېرىبلىق ھېس قىلغىنىمنى ھازىرمۇ ئۇنتۇيالمايمەن... ئارىدىن 30 يىللار ئۆتۈپ ئاشۇ «بۇزۇق ئۇنسۇر»نىڭ ئوغلى يۇرتىدىن 4000 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ، مەملىكەتلىك كاتتا يىغىندا مۇكاپات ئېلىۋاتاتتى...

## خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى بولغان تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ (枫树 )ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسى ۋە تاۋخۇايۈەن باغچىسىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. چاڭشادىن 190 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ مۇساپىنى يېنىمدا ئولتۇرغان تاۋيۈەن ناھىيىلىك مۇسۇلمانلار قۇشخانىسىنىڭ خوجايىنى، 54 ياشلىق ئۇيغۇر قېرىندىشىم جېئەن لىنيى ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۆتكۈزدۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قۇشخانىدا ئون تېخنىك، 120 خىزمەتچى، ئىككى ئاخۇن (ئىمان ئوقۇپ كالا بوغۇزلايدىغان) ئىشلەيدىكەن. يېزىدىكى 500دىن 1000غىچە بولغان ئائىلە ئەڭ جىق بولغاندا 500دىن، ئاز بولغاندا 20 ـ 30دىن كالا باقىدىكەن. بۇ قۇشخانا فېڭشۇ يېزىسىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان چاڭدې شەھرىنىڭ كۈندىلىك گۆشىنىڭ % 75ىنى تەمىنلەيدىكەن.

ئاپتوبۇستىكى ھەممە ئادەم خىيالغا پاتقاندەك قىلاتتى. مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن بەك خىيالغا پاتقانلارنىڭ بىرى ئىدىم. «بۇ يەر بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئارىلىقى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن، شۇنداق تۇرۇپ ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان بولغىيدى؟... بۇ يەرگە كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر دېگەن خەق، ھەر قانداق گۈزەل يەرلەرگە بارسىمۇ، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتىغا، ئۆز مەھەللىسىگە كەتكۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان...» بۇ سوئاللىرىمنىڭ جاۋابىنى مەن يولدا كەلگىچە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن تاپقاندىم:

خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، قومۇللۇق قالى بارىس (ئۇيغۇرچە يازمىلاردا خېلىل باشى دېيىلگەن، بۇ ئېنىقكى، خەنزۇچە خەت (哈勒八士) كە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان، مېنىڭچە بۇنداق ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى خېلىل باشغا زامانداش خاقانىنىڭ ئىسمى تارىخىي يازمىلاردا بارچۇق ئارتېكىن دەپ خاتىرىلەنگەن) نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. 12 ـ ئەسىردە غەربىي دىياردا قاراقىتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، قىتانچە كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلاندى، ئوقۇمۇشلۇقلار ئۆلتۈرۈلدى. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا قۇچۇنىڭ تۇتۇقى بولغان قالى بارىس ئىدىقۇت خان بىلەن بىرلىشىپ، قارا قىتانلارنىڭ قۇچۇدىكى نازارەتچىسىنى ئۆلتۈردى. 1211 ـ يىلى ئىدىقۇت خان تېمۇچىننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. نەتىجىدە قالى بارىس 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تارىختا مەشھۇرلىنىپ تالاي تەتقىقاتلارغا سەۋەب بولغان خارەزىمنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشىغا ياردەملەشتى. تاڭغۇتلارغا قىلىنغان يۈرۈشلەردە، جىن، سۇڭ زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇشتا بۇ قوشۇن زور تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. قالى بارىس جەڭدىكى باتۇرلۇق بىلەن ئېمپېراتور چىڭگىزخانغا ياراپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا «ھوجومچى سانغۇن» دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىڭگىزخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ قالدى. ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىدا ئەمەلدار بولدى. ئۆلتۈرمايدىغان كۈن بولمىغاندەك، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈەن سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، مىڭ سۇلالىسى باش كۆتۈردى. مىڭ سۇلالىسى خانى جۇ يۈەنجاڭ قالى بارىس (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان قالى بارىس بەلكىم چىڭگىزخان بىلەن يەنجىڭغا كەلگەن قالى بارىسنىڭ 2 ـ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن) نىڭ موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «زېمىننى كېڭەيتىش تۇرشاۋۇلى، ئاستانە يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) نىڭ باش بۇغى» لىق مەنسىپىنى بەردى. بۇ ماھىيەتتە جۇ يۈەنجاڭنىڭ قالى بارىسنى ئۆزىگە تارتقىنى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى قالى بارىسقا مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، «ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش» ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى كوزىرى قىلماقچى ئىدى. دېگەندەك ئۇ مىڭ سۇلالىسى سەركەردىسى لى ۋېنجۇڭ بىلەن بىرلىكتە 1369 ـ يىلى داتۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى كۆك شىڭنى ئۆلتۈردى. تولىبەگنى تىرىك تۇتتى. 1370 ـ يىلى يىڭچاڭنى ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا «ۋەلىئەھد مەرۇپ بېگى، كېڭەش بېگى» دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. قالى بارىس شۇنچە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن جۇيۈەنجاڭ ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن تارىخىي مۇناسىۋىتىنى تەلتۆكۈس ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە «ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش» خىيالىنى ئاداققىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى پايتەختتىن قەستەن جەنۇب تەرەپكە يۆتكىدى. يەنى 1371 ـ يىلى جۇ يۈەنجاڭ قالى بارىس قوشۇنىنى خۇگۇاڭ، جېنچاڭ ئەتراپلىرىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ جەڭدە ئۇ تولۇق غەلىبە بىلەن قايتتى. 1372 ـ يىلى جۇ يۈەنجاڭ ئۇنىڭ ياتلارنى بېسىقتۇرۇشتىكى تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن جىئەن دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلدى (خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فامىلىسىنىڭ ھازىرقىدەك جىئەن بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان). شۇنداقلا ئۇنى ئاسراندى قىزى تۇيې مەلىكە بىلەن تارتۇقلىدى. 1373 ـ يىلى جۇيۈەنجاڭ قالى بارىسقا «جىڭشياڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى، جەنۇبنى تىنجىتقۇچى سانغۇن، ۋەلىئەھدنىڭ مۇشاۋۇرى» دېگەن مەرتىۋىلەرنى بېرىپ، خۇاگۇاڭ، چېنجۇ تەرەپلەرنى ساقلاشقا قويدى. 1383 ـ يىلى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن قالى بارىسنى «ۋەلىئەھد مەرۇپ بېگى، كېڭەش بېگى» قىلىپ ئۆستۈردى. 1388 ـ يىلى قالى بارىس جەڭدە قازا تاپتى. يارلىققا بىنائەن چاڭدېنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تېشىدىكى خۇاڭلۇڭگاڭ (ھازىرقى چاڭدې شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئورنى) غا دەپنە قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىگە ماكانلىشىشى شۇنىڭدىن باشلاندى. قالى بارىسنىڭ ئوغلى بايقۇ 1389 ـ يىلى بۇيرۇققا بىنائەن يۈنەن، گۇيجۇلارنى تىنجىتىپ قايتتى. ئۇنىڭغا «چېگرىنى

تىنجىتىش سانغۇنى، ۋەلىئەھد مەرۇپ بېگى، كېگەش بې-
گى»دەيدىغان مەنسەپلەرنى بەردى. بەيجۇمۇ جەڭدىن
كېلىۋېتىپ ئۆلدى. بەيجۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ
ئوغلىنىڭ ئېتى چاڭچۇ، كىچىك ئوغلىنىڭ ئېتى چاڭلى ئى-
دى. بەيجۇ ئۆلگەندىن كېيىن چاڭدېنىڭ باقاۋۇللۇق ۋە-
زىپىسگە چاڭلى ۋارىسلىق قىلدى. چاڭچۇ مەنسەپ تۇ-
تۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ھەممە نېمىدىن كېچىپ شىنجاڭ-
نىڭ لوپنۇر ناھىيىسىگە كېلىپ ماكانلاشتى ① . ئەلۋەتتە
مۇشۇ قېتىملىق قايتىشتا ئۆز ۋاقتىدا قالى بارىسقا ئەگە-
شىپ بارغان ئورۇنباسار سەركەردىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋ-
لادلىرىمۇ قايتقان، ئەلۋەتتە. چاڭلى شۇ يەردە داۋاملىق
ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ ماكانلىشىپ قالغان... 1467 ـ يى-
لىغا كەلگەندە ۋۇلىڭ ئايمىقىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى
تەگكەن. باقاۋۇل جىئەن شياڭ مىڭبېشى خې لىگۋاڭنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئەسكەر باشلاپ چىقىپ ئوغرىلارنى دىشەن
دېگەن يەردىكى سۆگەتلىككىچە قوغلاپ بارغان، دىققەت-
سىزلىكتىن ئوق تېگىپ ئۆلگەن، ئوغرىلار قېچىپ كەت-
كەن. مىڭبېشى ملىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنزۇڭ خانى جىئەن
شياڭنى بۇلاڭچىلارنى چەكلىك سۇرۇك ئىچىدە تۇتۇپ
كېلىشكە بۇيرۇغان، ئەمما سۇرۇك ئىچىدە تۇتالمىغان.
شۇنىڭ بىلەن 1469 ـ يىلى جىئەن شياڭنىڭ مەرتىۋىسى
چاڭدېنىڭ سول قول مىڭبېشىلىقىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن. دې-
مەك، يۈەن سۇلالىسى ۋە ملىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىلا ئۇ-
رۇشلىرىدا ئۇلار ئۇچۇن قەھرىمان بولۇپ، 250 يىلدىن
ئارتۇق سادىقلىق بىلەن ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇي-
غۇرلار شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەل ـ ئىمتىيازدىن مەھرۇم
بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىش، سودىگەرچىلىك قىلىش، ئو-
قۇپ ئۆلىما بولۇش... بىلەن جېنىنى باققان. ھازىر 26
ئەۋلادقا قەدەم قويغان. ئۆز ۋاقتىدا تارىخنىڭ بوران ـ
چاپقۇنلىرىدا چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
قەدەم قويغان، كېيىن ملىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جۇيۈەنجاڭ
ئۇچۇن جېنىنى ئايىمىغان، جەنۇبىي جۇڭگونى لەرزىگە
سالغان 10 ملىڭ ئۇيغۇر جەڭچىنىڭ قانداشلىرىدىن بۇ-
گۈنكى كۈندە 800دىن ئارتۇقراق ئادەم قالغان. بۇ ھال
كىشىنى: «ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى، ملىڭ سۇلالىسى،
چىڭ سۇلالىسى، گومىنداڭ دەۋرىدە: جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ‹ئادەم ئاملى بىرىنچى› دېيىل-
گەن يىللاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن زامان ئاسمىنى سۇزۇل-
گەن يىللاردا بولسا بارغانچە ئاۋۇماستىن، ئازلاپ بارغاندى-
مىدۇ؟...» دېگەن خىيالغا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. ئۆز كۆ-
زىمىز بىلەن كۆرگەنلىرىمىز ۋە ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغاندا،
بۇنىڭدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن ئىزدەپ
بېقىش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئۆز زامانىسىدىكى قانلىق
جەڭلەردە يۈەن سۇلالىسى، ملىڭ سۇلالىسى ئۇچۇن نۇر-
غۇنلىغان ئۇيغۇرلار شېھىت بولغان. ئىككىنچىدىن، ياقا
يۇرتلاردا زامانلاردىن بېرى ئوخشىمىغان سۇلالىلەرنى
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل
زۇلۇملارغا تاقابىل تۇرۇپ، تىنچ ـ ئامان ياشاش ئېھتىيا-
جى بىلەن مىللەت نامىنى باشقا مىللەتكە ئۆزگەرتكەنلەرمۇ
ئاز بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇچىنچىدىن، ھازىرقى جىئەن
جەمەتىدىكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە «بىر جەمەتتىكى-
لەر ئۆزئارا توي قىلسا بولمايدۇ» دېگەن قاراش ئۇلارنىڭ
كاللىسىغا ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. ئۇلار ئا-
ساسەن خۇيزۇلار بىلەن توي قىلىشىدىكەن (بەزى ئىشەنچلىك
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ ئىسلام
دىنىدىكى قوشۇنى بولۇپ ئىچكىرىگە كەلگەن دەسلەپكى
مەزگىللەردە، ئەسكەرلەرنى ئۆيلەش ئۇچۇن قۇچۇ ئۇيغۇر
خانلىقى تەۋەسىدىن قىز ـ ئاياللار كەلتۈرۈلگەن. كېيىنچە
ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى، ئارىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە
يولنىڭ يىراقلىقى سەۋەبلىك بۇ ئەنئەنە ئۈزۈلۈپ قالغان).
بۇ خۇيزۇلار ئۆز ۋاقتىدا قالى بارىسقا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا
قاتناشقان خۇيزۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. قىسمەن
ھالدا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەنمۇ توي قىلىشىدى-
كەن. يېقىندىن بۇيان خەنزۇلار بىلەن توي قىلىدىغانلارمۇ
پەيدا بولۇپتۇ. «يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇلارغا قالى
بارىستىن قالغان قان 650 نەچچە يىلدىن بۇيان شالغۇت-
لىشىپ بولۇپتۇ... خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ
چىرايىنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ قىلمىسا ئۇيغۇرلۇقىنى دەماللىققا
بىلگىلى بولمايدىغان شىنجاڭدىكى قىسمەن ئۇيغۇرلارغا
ئوخشاش بولۇشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ ئىكەن» دەپ
ئويلىدىم مەن. لېكىن، باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن
توي قىلىشىشتا ئۇلارنىڭ ئىككى شەرتى بولىدىكەن: بىرسى،
قارشى تەرەپ ئاۋۋال فامىلىسىنى «جىئەن»گە ئۆزگەر-
تىش؛ يەنە بىرى، ئىسلام دىنىغا كىرىش. ئۇيغۇر قىز ـ

يىگىتلىرى مۇشۇ ئالدىنقى ئىككى شەرت ئاساسىدا ئاندىن باشقا مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى بىلەن تونۇشالايدىكەن. بەلكىم ھازىرقى مۇشۇ 10 مىڭغا يېقىن نوپۇسنى ساقلاپ قالالىشىدا بۇ تۆپكى سەۋەب بولسا كېرەك....

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن، بولۇپمۇ ئۆز زامانىسىدا جەنۇبىي جوڭگونى زىلزىلىگە سالغان قالى بارىستەك سانغۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقىدىن قاتتىق پەخىرلىنىدىكەن. مەن ئۇچراشقان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن مىللىي روھ ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن. بىر مىللەت مىللىي روھنىڭ يىلتىزىنى ئۇنىڭ تىلى، مىللىي كىملىكنى ئۇنتۇپ قالماسلىقتىن ئىبارەت غۇرۇر تۇيغۇسى تەشكىل قىلسا كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ قېنى تورلۇك ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلى شالغۇتلىشىپ، ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمىغاندى.

خىيالىمدا تارىخنى ۋاراقلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، فىڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى تۇيمايلا قاپتىمەن. بۇ يېزىنىڭ باشلىقى جىئەن جىڭخۇڭ ئىسىملىك ئايال بولۇپ، بۇ يىل 35 ياشتا ئىكەن. ئۇ يىغىنىنىڭ بېشىدىن باشلاپ بىز بىلەن بىللە ئىدى. يېزىغا كىرىشىمىز بىلەنلا جىئەن لىنيى ئەپەندىنىڭ قوشخانىسى ئالدىغا ئېسىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتىغا كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز»دېگەن ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇ خەتلەر (بۇ خەتلەرنى بېيجىڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەمسىلگەنلىكى ئېنىق) بىزنى ئۆز مەھەللىمىزگە كەلگەندەكلا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدى. يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگىنىمىزدە يەنە ھاياجانلاندۇق. مەكتەپ ۋىۋىسكىسى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا ئۆلچەملىك يېزىلغانىدى. بۇ مەكتەپتە 815 بالا ئوقۇيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 172 ئۇيغۇر بالا بار ئىكەن. سەككىز ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن. يېزا باشلىقى جىەن جۇڭخۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە دەرس تەسىس قىلىنىدىغان بولۇپتۇ. دېمەك، ئۇلار نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك قىسمەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئارىدىكى ئەجدادلىرى بىلەن بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان تىل ـ ئالاقە قىلىشالماسلىق ھەمدە مەدەنىيەت ئۆزۈكچىلىكىگە خاتىمە بەرمەككە بەل باغلاپتۇ... بىز ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىغا ئالەمچە ئاپىرىن ئوقۇغاچ بەس ـ بەستە ئۇيغۇر باللار بىلەن رەسىملەرگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشتۇق....

يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئەھۋال تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىزنى بىر زالغا باشلىدى. زال ئىشىكىدىن كىرىۋاتقىنىمدا «فىڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىلىق پارتىيە مەكتىپى» دېگەن خەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. قارىغاندا يېزىدا يىغىن ئېچىشقا باب كېلىدىغان بۇنىڭدىن چوڭراق زال بولمىسا كېرەك. ئەھۋال تونۇشتۇرۇش ئىشلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن جوڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى نامىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە لەۋھە تەقدىم قىلىندى. ئاندىن غەيرەتجان ئوسمان مۇئەللىم يېزا باشلىقى جىەن جۇڭخۇڭغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەنزۇچە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن كىتابنى، ئابلەت نۇردۇن ئۆزى تەرجىمىسىگە قاتناشقان «خوتەن ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلدى. پەردە ئەمىن خانىم بىر كىيىملىك ئېسىل ئەتلەسنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئارتىپ قويىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرقى شىنجاڭدىكى ئۆلچەملىك ئۇيغۇر قىزىغا ئوخشىدى بولغاي، ھەممەيلەن چاۋاك چېلىپ ھاياجانلىرىنى تەنتەنە قىلىشتى. تاماقتىن كېيىن يېزىنىڭ ئىمامى چاڭدى شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن دۇئا ياندۇردى. ئاندىن كېيىن ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە قۇرئان قىلدى. ئۇنىڭ خەتمە قۇرئان قىلغاندىكى ئاۋازى بىر ئاڭلىماققا خۇيزۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن ئوبدان زەڭ سالسا بەزى ئىنچىكە تەرەپلىرى يەنىلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرغا خاس يۇمشاق تىلىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇراتتى ...

خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى گەرچە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدەك باغ ـ ۋارانلىق، نەقىشلەر بىلەن تولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلىرىنىڭ بالكونلىرىغا ئىشلەتكەن قەشقەر پاسونىدىكى سالاسۇنلىرى، «بىر كېچە قونۇپ كەتمىسەڭلار بولمايدۇ...» دەپ مېھماندوستلارچە تۇتۇشلىرى ئادەمنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ. ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۆز تىلىنى سۆزلەش تۈگۈل ھەتتا ئاڭلاپمۇ چۈشىنەلمەيدىغان،

باشقا بىر مىللەت تىلىدا گەپ قىلىدىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ
ئۇيغۇرلۇقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان بىر ئۇيغۇر بىلەن
ئۇچرىشىۋاتقانلىقىمىز دەرھال ئېسىمىزگە كېلىدىكەن. ئۇي
دەرۋازىسىدىن كىرگەن ھامان كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغىنى
ئىشكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشكاپنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان
يېرىگە تىزىپ قويۇلغان ئائىلە تەزكىرىسى پۈتۈلگەن
نەچچە توملۇق قېلىن نەسەپنامىلەر ئىكەن. مەن ئۇنى ۋا-
راقلىغىنىمدا، ھەر بىر نەسەپنامىدا شىنجاڭدىكى تېپىك
ئۇيغۇر چىراي گەۋدىلەرنى ئۇچراتتىم. ئۇلاردىكى قانىنىڭ
گەرچە شالغۇتلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا
مەلۇم ئەۋلادنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكىنىدىن «ھەسەل
ئالغان قاچىدا ھەسەلنىڭ ھىدى بولىدۇ» دېگەندەك،
قانداقتۇر بىر قانۇنىيەتنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. دېمەك،
خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى 70 پۈشتى-
غىچە بىلىدىكەن. مەنچۇ؟ مەن مېنىڭ ئالدىمدىكى ئىك-
كىنچى ئەجدادقىچە بىلمەن، چوڭ دادامدىن باشقىنى
بىلمەيمەن. چوڭ دادامنىڭ دادىسى، چوڭ دادىسى، چوڭ
ئانىسى كىم؟ ئۇلار ئۆمرىدە نېمە ئىش قىلغان خەقلەر؟...
بۇلار ماڭا، ساڭا، ئۇنىڭغا ئاساسەن قاراڭغۇ. «تارىم
غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ئالدىنقى يىللاردا ئۇسمۇرلەرگە
ئالاھىدە بىر سەھىپە ئېچىپ، ئۆزىنىڭ يەتتە ئەجدادىنى
يېزىش دولقۇنىنى قوزغىغاندا، مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
تەزكىرىسىنى ئوقۇپ سۆيۈنۈپ قالغانىدىم. كېيىنچە بۇمۇ
ئۈزۈلۈپ قالدى. «يازىدىغانلار چىقمىغانمىدۇ ياكى يەتتە
ئەجدادىنى بىلىدىغانلار تۈگىگەنمىدۇ؟...» دېگەن خىيال
مېنى ئۇزاققىچە قىينىغانىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بول-
دۇ؟ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كەچمىشلىرىدىن خاتىرە
قالدۇرۇشقا ئۆچ بولغىيمىدى شۇنچە؟ بۇ مەسىلىگە كەس-
كىن قىلىپ «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىش ئاقلانىلىك
بولمىسا كېرەك. چۈنكى بىزدىمۇ نى - نى تارىخچىلار،
تەزكىرىچىلەر چىققان. نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنى تەتقىقات
ئوبيېكتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئالىملىق مەقامىغا
يەتكۈزگەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا
ساقلىنىۋاتقان قوليازمىلار بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلايدۇ.
ئەمما نېمىشقا بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تارىخىمىز ھەققىدى-
كى ئۆزىمىز يازغان نەرسىلەرنى دىيارىمىزدىن تاپالماي،
خەقنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئۆزىمىزنى ئىزدەپ يۈرىمىز؟
بۇنىڭغا يەنىلا كەچمىش جاۋاب بېرىدۇ:

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇ-
تۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇقداشلىق ۋە جەمەت-
قەبىلىلەر ئىتتىپاقى شەكلىدىن مىللەت شەكلىگە كېلىش،
ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن تەرەققىي قىلىپ
مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇش
جەريانىدا تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش؛
ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك
سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئۆز ئە-
چىدىكى ھەر خىل جېدەل - نىزالىق كۈرەشلەر، تۈرلۈك
ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا
ئۆزىگە خاس ھايات دۇردانىلىرىنى مۇجەسسەملىگەن. بۇ
ھايات دۇردانىلىرى تۈرلۈك قىسسە، تەزكىرە، ناخشا-
قوشاق، شېئىر تەرىقىسىدە خاتىرىلەنگەن. شۇنداقلا ئوردا
كۇتۇپخانىلىرىدا، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئۆيلىرىدە ساقلان-
غان. ئەپسۇسكى، تارىخىمىزنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرى-
دىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ۋە دەھشەتلىك كىتاب
كۆيدۈرۈش زامانلىرىدا بۇ كىتابلار ئاساسەن دېگۈدەك
كۈلگە ئايلانغان. مەسىلەن، 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق (قارا بالغاسۇن) خاكاس
قەبىلىسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەندە، چوقۇمكى زامانى-
سىنىڭ خانلىق كۇتۇپخانىسىدىكى تالاي يازمىلارمۇ تەڭلا
كۆيگەن. بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى ئىسلام دىنى
ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغا رەسمىي كىرگەندىن كېيىن ئىسلام
دىنىي روھانىلىرى تەرىپىدىن بۇددا دىنىدىكى پۈتۈكلەر-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ئاپپاق
خوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋال-
غاندىن كېيىن، مىلادىيە 1678 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى
ياركەنت خانلىق مەدرىستىكى 360 ئۆي، 2000 ئالىم-
ئۆلىمانى خانلىق كۇتۇپخانىدىكى بارلىق كىتابلار بىلەن
قوشۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيدۈرگەن. كېيىن سەئىدىيە
خانلىقى تېررىتورىيىسى تەۋەسىدە ئۆيمۇ ئۆي تىنتىش
ئارقىلىق «قۇرئان» ۋە «ھەپتىيەك»تىن باشقا بارلىق
كىتابلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. يېقىنقى زامانىدىكى
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بولسا «تۆت
كونىنى يوقىتىش»نامى ئاستىدا بارلىق كونا كىتابلار
ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇلۇپ تۈتۈنگە ئايلاندۇرۇلغان. دېمەك،
تارىخىمىزدىكى مۇشۇ بىر قاتار كىتاب كۆيدۈرۈشلەر سە-
ۋەبىدىن ئەجدادلىرىمىز بىز ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان ھەر

خىل تېمىدىكى تالاي ئەسەرلەر غايىب بولۇپ كەتكەن. پەقەت خىلۋەت يېزا ـ كەنتلەردە ۋە چەت ئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەنلىرىنىڭ بىر قىسمىلا زامانىمىزغا ئۇلىشالىغان...

**ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى**

كۆز ئالدىمىزدا ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەننىڭ مەقبەرىسى تۇراتتى. بۇ قەبرىنىڭ شەكلى يۇرتىمىزدىكى قەبرىلەردىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا خەتمە قۇرئان قىلىپ ئولتۇرۇپ جيەن جەمەتلىك ئەجدادلارنى ياد ئەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ تارىختىكى جاسارىتى، سەلتەنىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، يەنە خىيالغا كەتمەي تۇرالمىدىم. بولۇپمۇ جيەن بوزەننىڭ جاپالىق يىللاردا قالدۇرغان ئىزلىرى تەپەككۇرۇمنى سىلكىسە، گاھ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق ئىس ـ تۈتەكلەر كۆزلىرىمدىن ياشلارنى تامچىلىتاتتى:

جيەن بوزەن 1898 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ جيەنجياگاڭ دېگەن يېرى (ھازىرقى فېڭشۇ يېزىسى خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر كەنتى)دە دۇنياغا كەلگەن. 1968 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭدا دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. 1924 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامېرىكىغا بېرىپ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئۇزاققىچە بىرلىك سەپ ۋە نەزەرىيە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. جۇڭگودا ماركسىزملىق تارىخ ئىلمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، «ئارخېئولوگىيە ئىلمى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كۆپ قېتىم خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «تارىخ، پەلسەپە دەرسلىكى»، «جۇڭگو تارىخىدىن تىزىسلار» (1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كىتاب) «جۇڭگو تارىخى ھەققىدە بايان»، «تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدە بايانلار» قاتارلىقلار بار. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇرتلۇقى ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق دوستى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي تىزىس»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن...

«ئاشۇنداق زور ئەمگەكلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولغىيدى؟ قانداق ئۆلۈپ كەتكەن بولغىيدى؟...» بۇ سوئاللىرىمغا توردىكى مەلۇماتلار جاۋاب بەردى:

1968 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 8دىن ئاشقاندا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرۇشلۇق «ئىشچىلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ قوماندانلىق شتابى» جيەن بوزەننىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى. چۈنكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىگەن: «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقىغىمۇ چىقىش يولى بېرىش كېرەك، چىقىش يولى بەرمەسلىك پرولېتارىياتنىڭ سىياسىتى ئەمەس» ناملىق «ئەڭ ئالىي يوليورۇق»ى ئەمدىلا ئېلان قىلىنغان، يوليورۇقتا يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جيەن بوزەن، لىڭ يۈلەنلەرگە چىقىش يولى بېرىش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەنىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا جيەن بوزەننىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ئەمەس، ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرى كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ماۋ زېدۇڭغا بۇ ئىشتىن جاۋاب بېرىش مەسىلىسى زىل مەسىلە ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق مەلۇم قىسىمنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ ھەربىي ئىدارە قىلىشنى جۇ ئېنلەي شەخسەن ئۆزى بېكىتكەن ھەمدە كونكرېت خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا مەخسۇس يوليورۇق بەرگەنىدى.

جيەن بوزەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن قوماندان شتابىدىكى ھەربىيلەر دەرھال جيەن بوزەن تۇرۇشلۇق جايغا باردى ۋە «جيەن بوزەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. تەكشۈرۈش جەريانىدا مەلۇم بولدىكى، 1968 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «ليۇ شاۋچى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ جۈڭ بىر نەچچە

خادىمنى باشلاپ جيەن بوزەننىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ھەمدە جيەن بوزەننى كۆرۈپلا قاپىقىنى تۈرۈپ: «ئۆبدان قۇلاق سال، ليۇ شاۋچىنىڭ جىنايەتلىرى ئېنىقلىنىپ بولدى. ئۇ خائىن، ۋەتەن ساتقۇچ، ئىشچىلار ئاسىيسى. بۇ قارار پات ئارىدا ئېچىلىدىغان 9 ـ قۇرۇلتايدا ئېلان قىلىنىدۇ. سەن ماۋ جۇشى لۇشيەنى تەرەپتە تۇرامسەن ياكى ليۇ شاۋچى تەرەپتىمۇ؟ تەقدىرىڭ مۇشۇنىڭغا باغلىق!...» دەپ ۋارقىرايدۇ. جيەن بوزەن ئارىدىن 20 مىنۇتتەك ئۆتكەندىن كېيىن: «بۇ بەك بۇرۇنقى ئىشلار، ئېسىمگە ئالالمىدىم» دەيدۇ. ۋۇ جۇڭ بىرمۇنچە ۋارقىراپ ـ جارقىرىغـانـدىن كېيىن: «مەسىلەڭنى ئېنىق تاپشۇرمىساڭ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىسەن!...» دەيدۇ. جيەن بوزەن ھەر قانچە قىلىپمۇ خاتا قىلىپ قويغان ئىشلىرىنى ئويلىيالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ خىيالىغا مۇنۇ ئىش كېلىدۇ: 1965 ـ يىلى ئۇ ياۋ ۋېنيۇەننىڭ «تارىخىي دراما ‹خەي رۇيىنىڭ مەنسەپـتـىن قالدۇرۇلۇشى›غا باھا» دېگەن ماقالىسىنى تەنقىد قىلىدىغان بىر ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدا ياۋ ۋېنيۈەننى «كالتەكلەشكە، سىياسىي قالپاق كىيـدۈرۈشـكـە خۇشتار» دەپ ئەيىبلىگەن. دراما ئاپتورىنى ئاقلىغان...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئـۆتـكـەن. ھېلىقى ۋۇ جۇڭ كۈن ئارىلاپ كېلىپ قىلىدىغىنىنى قىلىپ تۇرغان. جىسمانىي جازا ۋە ئېغىر روھىي زەربە تۇپەيلى جيەن بوزەن ئايالىغىمۇ گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان، كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنى باشقۇرۇۋاتقان خادىمغا: «ئۇيقۇم ياخشى بولمايۋاتىدۇ، ئازراق ئۇيقۇ دورىسى بېرىڭ» دېگەن. باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا بىر ئاخشاملىق ئۇيقۇ دورىسى بەرگەن، لېكىن ئىچكەن ـ ئىچمىگەنلىكىنى كۆزىتىپ تۇرمـىـغـان. جيەن بوزەن شۇ تەرىقىدە ئۇدا ئون كۈنگىچە ئۇيقۇ دورىسى ئالغان.

جيەن بوزەن 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بىر نەرسە يازماقچى بولۇپ، قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە بىرقانچە قېتىم جىجاپ باقسىمۇ، ھەتتا قەلەمنىڭ رېزىنكىسىنى سىـقـىـپ باقسىمۇ سىياھ چىقماي، خەت يېزىش مۇمكىن بولمىغان. ئۇ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ: «بۇ قەلەمنىڭ سىياھسىمۇ قالماپتۇ،ئەمدى مەنمۇ تۈگەپتىمەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان. 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە قاتتىق سوغۇق بولغان. جيەن بوزەن ئەر ـ ئايال نەچچە ۋاقىتتىن يىغىپ ساقلاپ قويغان ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋەتكەن... جيەن بوزەننىڭ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەت چىققان. بىرسىدە: «مەن ھېچقانداق مەسىلىنى تاپشۇرالمىغۇدەكمەن، شۇڭا بۇ يولنى تاللىدىم» دېگەن خەت بولۇپ، يەنە بىرسىدە: «ماۋ جۇشى ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!» دېگەن خەت كۆزگە تاشلانغان. قاراڭ، جيەن بوزەننىڭ يىتۈك زىيالىيغا خاس ساددا ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى، باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك پەزىلىتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتمىغان.

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ماۋ زېدۇڭ جيەن بوزەننىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن. لېكىن ئىش ئاللىبۇرۇن ئاياغلاشقان بولۇپ، ماۋ زېدۇڭغا سادىق بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جـاپـا تارتقان بىر ئۇيغۇر ئالىمى بۇ دۇنيا بىلەن چەكسىز ھەسرەت ـ نادامەت، ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى قەلبىگە تېگىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ زىيالىيلارغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ھالدا جىمجىتلا كۆز يۇمغان...

**«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پىلانلانغان جاي**

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ گېپى چىقسـا ھـازىرقى باللار قورقۇنچلۇق چۆچەك ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. ھەتتا بىزدەك يېشىمىز 40 تىن ھالقىغان ئادەملەرمۇ بەزى ئىشلارغا ئىشەنگۈمىز كەلمەيدۇ. گەرچە كۆپ كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنىڭ قاچان باشلانغانلىقىنى ۋە قانداق ھەرىكەت ئېكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن نەدە پىلانلانغانلىقىنى تازا ئېنىق ئۇقۇپ كەتمىسە كېرەك.

5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەتىگەن ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇرتى شاۋشەنگە ئاتلاندۇق. چۇشەندۇرگۈچى توختىماي سۆزلەيتتى: «1893 ـ يىل 12 ـ ئايـنـىڭ 26 ـ كـۈنى گـۈزەل يۇرت شاۋشەندە تۇغۇلغان ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلاب ئىشى بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىي بەش قېتىم شاۋشەنگە كەلگەن: 1921 ـ يىلى، 1925 ـ يىلى، 1927 ـ يىلى، 1959 ـ يىلى بولۇپ تۆت قېتىم كەلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كەلگەن...»، «شاۋشەندە 120 مىڭ نوپۇس بار، % 70 ئادەمنىڭ فامىلىسى ماۋ...»

راست دېگەندەك يول بويىدا كۆزگە چېلـقـقـۇدەك ۋىۋىسكىلارنىڭ ھەممىسىدە ماۋ بىلـەن بـاشـلانـغـان خەتلەر تۇراتتى: «ماۋ زېدۇڭ ئىزناك زاۋۇتى»، «ماۋ ...

رېستورانى»، «ماۋ... مېھمانخانىسى»...

ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللە ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن. يېشىللىققا پۈركۈنگەن تاغنىڭ باغرىغىلا جايلاشقان 14 ئېغىزلىق بۇ قورۇنىڭ ئالدىدا خېلىلا يوغان بىر كۆل تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شۇ زاماندا كۆلى بار كىشىلەر باي ھېسابلىناتتىكەن.

شاۋشەننىڭ مەنزىرىلىك يېرىگە جايلاشقان «ماۋ زېدۇڭ خاتىرە سارىيى» بۇ يەردىكى ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بىردىنبىر جاي بولسا كېرەك. ساراي ئىچىگە ماۋ زېدۇڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىكى سۈرەت، پوچتا ماركىسى، ئىزناك، ماۋزېدۇڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا مۇناسىۋەتلىك VCD فىلىملىرى قاتارلىق بۇيۇملار قويۇلغانىدى. بىر يەرگە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئورۇندۇقتا پۇتنى ئالماپ، بىر قولىدا تاماكا تۇتۇپ تۇرغان، ناھايىتى ئوخشىتىپ ياسالغان ھەيكىلى بار ئىكەن. كىشىلەر ئون يۈەن تۆلەش بەدىلىگە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بەس ـ بەستە رەسىمگە چۈشۈشەتتى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ مەھەللىسىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا تامچە سۇ ئۆڭكۈرى (滴水洞) دەيدىغان بىر جاي بار ئىكەن. بۇ جاي تارىختىكى خېلى ـ خېلى ئىشلارغا گۇۋاھ بولغان جاي بولۇپ، ئۇ يەردىكى ماۋ زېدۇڭغا ئائىت خاتىرىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىچكى ئۆڭكۈر زەھەرلىك گاز، ئاتوم بومبىسى قاتارلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياسىلىپ پۈتكەنىكەن. مۇشۇنداق مۇداپىئەسى كۈچلۈك جايغا يانداشقان 1 ـ نومۇرلۇق بىنادا ماۋ زېدۇڭ 1966 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ 12 كۈن تۇرغانىكەن. چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، دەل مۇشۇ جەرياندا، دەل مۇشۇ جايدا ماۋ زېدۇڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى شەخسەن ئۆزى پىلانلىغانىكەن. «دۇنيا تارىخىدىكى 100 مەشھۇر شەخس»نىڭ بىرى بولغان ماۋ زېدۇڭ شۇ ئىشلارنى پىلانلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئورۇندۇق، شىرە، قەلەم، سىياھدان، كىتاب ئىشكابى، كارىۋات، تېلېفون، ئاشخانا، چاققانغىنە يىغىن زالى، تىكتاك توپ سېتكىسى ... قاتارلىقلارغا كۆزۈم چۈشكەندە، كۆڭۈل ئاسمىنىمدا ھەررەڭ ـ سەررەڭ بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلدى.

تېخى بايىلا ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغان كارىۋاتنى كۆرگەنىدىم. مانا ئەمدى ئۇ ئىشلىگەن ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى كۆرۈۋاتىمەن...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋ زېدۇڭنىڭ مەھەللىسىدىن 38 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ليۇ شاۋچىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بۇ 21 ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ماۋ ئائىلىسىنىڭ ئۆيىگە قارىغاندا يەتتە ئېغىزلىق ئۆي ئارتۇق ئىدى. بۇ ئىككى داھىنىڭ مىس ھەيكىلى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ياسالغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدىم.

## ياقا يۇرتتىكى غېرىبلىق

مەتروزى مەخمۇت بىلەن ئىككىمىز 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 10دىن ئاشقاندا ماڭىدىغان پويىز بىلەن شېنجېنغا قىلىدىغان سەپىرىمىزنى باشلىدۇق. بىزنىڭ بېلىتىمىز گۇاڭجۇغىچە ئېلىنغان بولۇپ، مۇشۇ يەردە شېنجېنغا بېرىش بېلەت رەسمىيىتىنى تولۇقلاپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 7دىن ئاشقاندا گۇاڭجۇغا كەلدۇق. تۇرۇپلا گۇاڭجۇغا چۈشۈپ ماڭغىمىز كەلدى. چۈنكى بۇ شەھەر جوڭگونىڭ داڭلىق پورت شەھىرى بولۇپلا قالماي، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «سەنيۈەنلىدىكى كىشىلەر» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن، شىنجاڭدىن چىققان سودىگەر ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشاۋاتقان جاي ئىدى.

پويىزدىن چۈشۈشىمىزگە ھەر 200 مېتىر ئارىلىقتا توك كالتىكى كۆتۈرگەن ساقچىلارنىڭ چارلاپ يۈرۈشلىرى، شۇنداقلا پويىز ئىستانسىسى رادىئوسىدىن چىقىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇش ئاۋازى بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى:

—يولۇچىلار دىققەت، ئالدىڭلارغا يوچۇن ئادەم كېلىپ گەپ قىلسا ئاڭلىماڭلار، ناتونۇش ئادەم ئىچىملىك تەڭلىسە ئىچمەڭلار، ناتونۇش ئادەم يول باشلىسا كەينىدىن ماڭماڭلار...

بىز سومكىلىرىمىزنى ساقلاش ئورنىغا قويۇۋېتىپ، تاكسى توسۇپ سەنيۈەنلى دېگەن جايغا بارماقچى بولدۇق. لېكىن شۇنچە قوۋرۇق ماڭغىنىغا قارىماي بىرەر تاكسى توختاي دېمەيتتى. شوپۇرلار بىزنىڭ چىرايىمىزغا قاراپلا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئادەملەردىن سەنيۈەنلىگە قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدۇق. ھەممە كىشى كېلىشىۋالغاندەكلا: «ئۇقمايمەن» دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ھەتتا رەسمىي ساقچى فورمىسى كىيىۋالغانلاردىنمۇ

ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشەتتۇق. «سەنيۇەنلى دېگەن شۇنچە قورقۇنچلۇق، سىرلىق يەرمىدۇ؟ ھەتتا ساقچىلارمۇ ئۇقمايدىغان؟...» بىز شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئاشۇنداق سوراش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. يەنە ئۈچ سائەتلا ۋاقتىمىز قالغانىدى. بىر كەمدە بىر ساقچى: «ئالدىڭلارغا مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلساڭلارلا قېرىنداشلىرىڭلار بار يەرگە بارىسىلەر»دېدى بىزگە كۈلۈمسىرەپ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كومپاسقا ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق. ساقچىغا رەھمەت ئېيتىپ، كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالاھازەل بىر سائەتتەك ماڭدۇق. ئالدى ـ كەينىمىزدە ياكى تار كوچىلاردا بىزگە ھېچقانداق قېرىندىشىمىز ئۇچرايدىغاندەك قىلمايتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى كوچىدىكى يانچۇقچى ئۇيغۇرلار بولسا كېرەك. زادى قانداق ماڭسا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئۇقۇمۇشلۇق تونۇشلارغا تېلېفون بەرمەكچى بولدۇق. قېرىشقاندەك ئىككىلىمىزنىڭ تېلېفونى توختاپ قالغانىدى. قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان ئاممۇۋى تېلېفوندىن تېلېفون ئۇرماقچى بولدۇق. لېكىن بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۆرگەن تىجارەتچىلەر كېلىشىۋالغاندەكلا: «تېلېفون بۇزۇق...» دەپ تۇرۇۋالاتتى. خۇددى بىزنىڭ تېلېفون ئۇرۇشىمىز مەخسۇس بۇيرۇق بويىچە چەكلەنگەندەك... تۇرۇپلا تەنلىرىم سىرقىراپ، يۈرىكىمدىن «ۋىڭڭىدە» قىلىپ تارقالغان كەكرىدەك ئاچچىق بىر سېزىم تاپىنىمدىن كىرىپ، چوقامغا چىققاندەك بولۇپ، كۆزلىرىمگە ئەلەملىك ياش كەلدى. نەپسىم قىسىلغاندەك بولۇپ، يۈرەك سىلىشىم تېزلەشتى.

بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 15 بولغاندا شېنجېنغا يېتىپ كەلدۇق. بىز ئاۋۋال شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى تاپماقچى بولدۇق. ئەپسۇس، بۇ يەردىمۇ تاكسىچىلار تەرىپىدىن ئوخشاش مۇئامىلىگە، ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتۇق. مېنى يەنە غېرىبلىق چىرمىۋالدى. يۇرتۇمدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن بۇ يەردىكى كۆرۈنۈش ئالمىشىپ، كاللامنىڭ تورمۇزى توختاپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدى: قېچىشىپ كەتكەن بېشىمىزنى تاتىلاش ئۈچۈن قولىمىزنى بېشىمىزغا ئاپىرىشىمىزغا توختايدىغان تاكسىلار، قاچانلا ئۇچراشساق كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىشىپ ماڭىدىغان قېرىنداشلىرىم، كۆزۈمگە جەننەتتەك كۆرۈنىدىغان مەھەللەم، ئۇ يەردىكى ھۆر ـ پەرىلەردەك ئىللىقلىق بېغىشلايدىغان ئىسسىق چىرايلار... ئالاھازەل بىرەر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت تاكسى توسۇپ يۈرۈپ ئاخىر بىر غەيرىي تاكسىنى توختاتتۇق. شوپۇر بىزدىن بارىدىغان جاينىڭ قايسى كوچىدا، نەچچىنچى نومۇرلۇق قورۇ ئىكەنلىكىنى سورىدى. بىز دەرھال ئاممۇۋى تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ يۈرۈپ كوچا ئىسمىنى دەپ بەردۇق (شېنجېندا ئاممۇۋى تېلېفونلاردىن بىمالال پايدىلانغىلى بولىدىكەن). ئەمدى بىلدۇقكى، بارىدىغان يەرنىڭ ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قايسى كوچىدا ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىمكەن، ئۇ بىرسى بىلەن تېلېفوندا گۇاڭدۇڭ شىۋىسىدە سۆزلەشكەندىن كېيىن 50 يۈەن بەرسەك ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنچە يىراق يەرمىدۇ ئۇ؟ بىزنى ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولغان ئادەمنىڭ چىققىنىدىن خۇش بولۇپ، ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنا بىردەمدىن كېيىنلا ئۇيغۇرچە ناخشا ياڭراۋاتقان، پېشانىسىگە ئۇيغۇرچە ۋېۋىسكا ئېسىلغان بىر ئاشخانىنىڭ بويىدا توختىدى. ۋۇجۇدىمىزغا ئىللىق سېزىم تاراپ، كۆزىمىزگە تونۇش سىما كۆرۈندى: ئابلەت نۇردۇن، غۇلام ئەبەيدۇللا، ئابلىز مەخسۇم قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بىزگە قاراپ ھىجىيىپ كېلىۋاتاتتى. ئەسلى بىز چاڭشادىن بىللە يولغا چىققاندۇق. ئۇلار ئۇچىسى بىلەن بىز چۈشكەن ۋاگون بىر يەردە بولمىغاچقا ھەم ئارىلىقتا ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى يوق بولغاچ، ئۇلار كېلىۋەرگەنىدى.

گۇاڭجۇ بىلەن شېنجېننىڭ ئادەملىرى كۆزۈمگە تولىمۇ پاكار كۆرۈندى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ غەلىتە ئىكەن. ئاسماندا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، كۈنلۈكنى تۇتۇپ كوچىدا كېتىپ بارىمىز. بەدەنلىرىمىز چىلىق ـ چىلىق سۇ. بۇ سۇ يامغۇرنىڭ سۈيى ئەمەس، بەلكى دىمىق ھاۋانىڭ بىزنى قىزدۇرۇشىدىن پەيدا بولغان تەر ئىدى. ھاۋا تەڭشىگۈچ ماڭا زىيان قىلغاچقا ئۇنى ئىشلەتمىدۇق. كەچتە دېرىزىنى ئاچساق پاشا كىرەتتى. بۇ يەرنىڭ پاشىسى باغراشنىڭ پاشىسىدىنمۇ يامانىدەك قىلاتتى. ئەتىگىنى قوپساق، بىلەكلىرىمىز ھۆررەك ـ ھۆررەك بولۇپ قالاتتى.

شېنجېندا ناۋايچىلىقنىڭ بازىرى خېلىلا ئىتتىكتەك قىلاتتى. يانمۇيان ئورۇنلاشقان ئىككى ناۋايخانىنىڭ ھەر بىرسىدە كۈنلۈكى 6 ـ 7 يۈزدىن نان سېتىلىدىكەن. بۇ يەردىكى بىر يۈەنلىك نان شېنجېندا ئىككى يۈەن

(شاڭخەيدە ئۈچ يۈەن) ئىكەن، بىر سامسا شىنجىڭدا ئىككى يۈەن، شاڭخەيدە ئۈچ يۈەن ئىكەن. تەخمىنەن 100 دەك نان تۈرمىدىكى بالىلار ئۈچۈن توشۇلىدىكەن. ناۋايلارنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمىدىكى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ناۋايلارغا كۈنلۈكىگە بەش يۈەندىن پۇل تۆلەپ قويغانىكەن، شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار كۈندە بىر قېتىم نان ئاپىرىپ بېرىدىكەن.

بازار ئىگىلىكى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر رايونىدا مىللىي ئىگىلىك چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى. زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ مەھسۇلى بولغان تالاي بۇيۇملارنىڭ بازارغا كىرىشى نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئىتىمىزگە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي ئۇل تېشىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، كۆلەملەشمىگەن سودا ـ سېتىق ئۇسۇلى بىزنى بۇ بازاردا بويۇن قىستۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. بازاردىكى بىزگە تەۋە نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى تاماقلىرىمىز ۋە نانلىرىمىز بازارنىڭ سىنىقىغا يەككە ھالدا بەرداشلىق بېرىپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلاتىن بازار تېپىپ، جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە ئۇيغۇرچە رېستوران، ناۋايخانا، كاۋاپخانىلار پەيدا بولدى. ئىچكىرىگە بارساق، تاماقتىن بۇرۇنقىدەك غەم قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇق. مانا، يۇرتىمىزدىكى يەتتە يۈەنلىك لەغمەننى شىنجىڭدا 25 يۈەنگە، شاڭخەيدە 30 يۈەنگە يېگەن بولساقمۇ، لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن يۇرتىمىزدىن ئايرىلغان قورسىقىمىز يەنە بىر تونۇش مەھەللىگە ئېرىشكەنىدى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجىڭدىن يولغا چىققان پويىز ئەتىسى چۈشتە شاڭخەي ۋوگزالىغا كىردى. جېجياڭ تەۋەسىدىن شاڭخەيگە كەلگىچە ماڭا غەلىتە تۇيۇلغان بىر ئىش پەقەت يادىمدىن چىقمايدۇ: سەھەردە ئويغىنىپ قارىسام، پويىز ئىككى تەرىپىدە مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى لەيلەپ تۇرغان سۇلۇق دالادا كېتىپ بېرىپتۇ. ئۇدۇلۇمدىكى كىشىنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، بۇ «مەرۋايىت پەشۇرۇش مەيدانى» ئىكەن! مەن مەرۋايىت دېگەن قۇلۇلە قېپىدىن چىقىدۇ، دەپ ئاڭلىغان. لېكىن مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىدىن چىقىدۇ، دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىكەن: قاشتېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق رەڭلىك بىر خىل تاش ئۇششاق ـ ئۇششاق پارچىلىنىپ، ئوتتۇرىسى يىپ ئۆتكۈزگىدەك چوڭلۇقتا تېشىلىدىكەن. ئاندىن يىل بويى سۇغا توشۇپ تۇرىدىغان ئېتىزغا چۆنەككە ئوخشاش تارتىلغان ئارقانغا بىر ئۇچى باغلىنىدىكەن، يەنە بىر ئۇچى بولسا مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرىغا چىگىلىدىكەن. بۇ قۇرۇق بوتۇلكىلار سۇدا لەيلەپ، پىشىۋاتقان «مەرۋايىت»لارنىڭ سۇنىڭ تېگىدىكى لايغا پېتىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. مۇشۇنداق ئون ئاي تۇرسا بۇ «مەرۋايىت»لار پىشىدىكەن ـ دە، ئاندىن يۇرت ـ يۇرتنىڭ بازارلىرىغا تاراپ، قىز ـ ئاياللارنىڭ بويىندا «ۋال ـ ۋۇل» جۇلالاپ، ئەركەكلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان كاتتا زىننەت بۇيۇمىغا ئايلىنىدىكەن.

بىز بېيجىڭدىكى ئىمىن ئابلا ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە شاڭخەيدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ شۇجىسى شىرزاتقا تېلېفون بېرىش ئارقىلىق ئۇ جاينى ئوڭايلا تاپتۇق. يولدا كەلگۈچە: «سەن بىر يەرگە بارساڭ، ساڭا يول باشلاپ ماڭىدىغان ئادەم بولسا ئاندىن ساياھەتنىڭ تەمى بولىدىكەن. بولمىسا گۇاڭجۇ، شېنجېندىكىدەك بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان كوچىلارنى، ئېگىز بىنالارنى كۆرۈپ كېلىدىغان ئىشكەن مانا. شاڭخەيدە چوقۇم شۇنداق ئادەمدىن بىرنى تاپساق بولاتتى...» دېگەنلەرنى ئويلاپلا كەلگەنىدىم. «خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەنىدەك، مېھمانخانا زالىغا كىرىشىمىزگە يېنىمىزدىلا بىر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. قۇلىقىمغا تازا ئىشەنچ قىلالماي كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم. زالدا راستىنلا «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار»، «بىچارە كۈلكىلەر»، «قۇتۇلۇش يولى» قاتارلىق نادىر كىتابلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان يازغۇچى ئەركىن روزى تۇراتتى. ئەسلىي ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتاتتى. تېخى ئالدىنقى ئايدا «كرووران» ژۇرنىلى 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا كورلىدا كۆرۈشكەنىدۇق. ئۇنىڭ ئاغىنىدارچىلىق قىلىشى بىلەن شاڭخەي ساھىلى، پۇدۇڭ رايونى دېگەندەك شاڭخەينىڭ سىمۋوللۇق يەرلىرىنى كۆردۇق. شاڭخەي ساھىلىدا چوڭ بىر پاراخوتتىكى خادىملار ئۇنىڭ سۈيىنى تازىلاۋاتاتتى. ئالمان قۇشنىڭ بۇرنى سۇدىن ھەر كۆتۈرۈلگەندە، ھەر ـ ھەر مەينەتچىلىكلەر سۈزۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ يەردە رەسىمگە

چۈشۈۋېتىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ گۈزەل ساھىلى، قىشمۇ ياز ليىمايدىغان سۇپسۇزۇك سۈيى كۆز ئالدىمغا كەلدى. 35 مىليون نوپۇس بار شاڭخەيدە (17 مىليون مۇقىم نوپۇس، 18 مىليون كۆچمە نوپۇس ئىكەن) ئادەملەرنىڭ ساپاسىمۇ يۇقىرىدەك قىلاتتى. تاكسى توسقاندىكى، ماگزىنلاردىكى، يەر ئاستى پويىزىغا چىققاندىكى، ئايروپورتتىكى ئىللىق مۇئامىلىلەر تۈيغۇمدا خەنزۇچە گەپ قىلاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىۋاتقاندەك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. بۇ يەردىكى ئەڭ كىچىك بىر تاللا بازىرى دۆكىنىدىمۇ شىنجاڭدىكىدەك مۇناسىۋەتلىك تۆشۈكلەرگە دوقۇرمايمۇ بىرمۇنچە ئىشلارنى بىر يولىلا بېجىرگىلى بولىدىكەن. مەسىلەن، توك پۇلى، گاز پۇلى، سۇ پۇلى... دېگەنلەرنى تۆلىگىلى بولىدىكەن.

## ئاچچىق ئويلار

بوۋىلار خاتا ئېيتمىغان: «كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى (قىلار)» دەپ، 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شاڭخەيدىن ئۇرۇمچىگە قاراپ ئۇچقان ئايروپىلان بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ غەربكە قاراپ 780 كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن كېتىپ بارىدۇ. مېنىڭ خىيالىم ئۇنىڭدىن تېزلىكتە قەدىمكى زامانغا، يىقىنقى زامانغا قاراپ ئۇچماقتا. 1000 يىللار بۇرۇن مەھمۇد قەشقەرى بوۋىمىز ئاتلىق ھالدا پۈتۈن ئۇيغۇر زېمىنىنى 10 نەچچە يىل كېزىپ چىققان ۋە دۇنيانى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن قامۇسىدا خەرىتىگە سىزىپ قالدۇرغان. ماركوپولو، پىرژىۋالسكى، ستەيىن، سۋېن. ھېدىنغا ئوخشاش ساياھەتچىلەر يەنە نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ، يۇرتىمىز ھەققىدە مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلىغاندىن سىرت، دۇنيا جۇغراپىيىشۇناسلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك يىپ ئۇچلىرىنى ئىلىم ساھەسىگە يەتكۈزگەن. مەنمۇ خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ كېلىۋاتىمەن. مەن يۇرتداشلىرىمغا نېمە قالدۇرالىشىم مۇمكىن؟ دەر ھەقىقەت، يۇقىرىدىكى ئالىملاردەك تەتقىقات يىپ ئۇچلىرىنى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنى ئېلىپ ماڭالمايمەن، ئەلۋەتتە. مەن كۆرگەن يەرلەردىكى كىشىلەر ئارا توغرا رىقابەت، يېپيېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىلەردىكى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ بارالامدىم- يوق؟ بۇ ئەلۋەتتە سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا مەنچۇ؟ يۇرتداشلىرىمغا، تەڭتۇشلىرىمگە نېمىنى ئالغاچ بېرىشىم كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى كەچ كۈرسقا بېرىپ ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلەۋاتقاندۇ، كىتاب كۆرۈۋاتقاندۇ... ھەقچان يەنە بىر قىسىملىرى بىر شىرەلىك يىغىلىپ پاراڭلاشقاچ قولاقلىرى مەدىرلىغۇچە ھاراق ئىچىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىغا ئۆزلىرى ئىكەك سىلىۋاتقاندۇ ياكى دېھقانىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىگە تەڭ كەلگۈدەك پۇلغا «رەڭلىك ئولتۇرۇش» ياساپ، نى- نى مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئالتۇن ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ...

پۈتۈن سۆرۈك بىر قوۋمنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى كۆنۈپ قالغان قاشاق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە دالالەت قىلىش ئوڭاي، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوڭاي بولمىسا كېرەك. بولمىسا نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار، كەلگۈسشۇناسلار، مائارىپشۇناسلار مىللىتىمىزدىكى تارىختىن قېلىپ قالغان ئېشىندى نۇقسانلارنى، زامانىۋى كەمتۈكلۈكلەرنى تۈزەش ئارزۇسىنى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولۇر ئىدى. خەيرىيەت، ھازىرقى بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تەتقىقاتچى بولۇش، دوكتور بولۇش دېگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىز ئويلاشقا ئەقلىمىز يەتمىگۈدەك ئىشلارنىمۇ دىققەت نەزەرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقىدەك ھالىتىدىن يەنىلا گۈزەل بىر تەرەققىياتنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ كىشى. توغرا، «ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قېرىتىدۇ». «گراف مونتى كرىستو» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى ديوما ئېيتقاندەك ھاياتنىڭ مەنىسى: «كۈتۈش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش»تۇر، خالاس.

2006 - يىلى 5 - ئاي خوتەن، 6 - ئاي كورلا

ئىزاھات:

① خوتەن ئۇيغۇرلىرى يۈلۈ نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى. 1994 - يىل 6 - بەت.

پايدىلانمىلار:

(1) غالىب بارات ئەرك، «كرورانىنىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل نەشرى.
(2) ئابلىز ئورخۇن، «روھ يىلتىزلىرىنى ئىزدەپ...»، «مىراس» ژۇرنىلى 2004 - يىلى 6 - سان.
(3) «خوتەن ئۇيغۇرلىرى»، يۈلۈ نەشرىياتى، 1994 - يىلى 7 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى.
(4) بەيدۇ تورى.

(ئاپتور: «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# سۆز ئويۇنى



ئىلاۋە:



كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپ تەشكىلاتچىسى، يېتىشكەن پېداگوگ، ئەل ئېتىراپ قىلغان قوشاقچى، قىزىقچى مۇھەممەدجان توختاخۇن 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىلى توققۇزتارا ناھىيە ئاغارسىن يېزا ئەرداۋان كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا قىزىلتۇر (رۆڭتام) كەنتىدە 59 يېشىدا ۋاپات بولغان. مەرھۇم مۇھەممەدجان توختاخۇن 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 7 ـ سىنىپنى تاماملاپ، ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە تەشكىللەش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە قاتنىشىپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ تاشتۆپە يېزا باقباي كەنتىدە، تىكئېرىق يېزىسىنىڭ گورجىلغا كەنتىدە، خىنتەن (بىنەملىك)، ياماتۇ ھەمدە دۆڭمەھەللە يېزا مۇيۇنگۈزەر كەنتىدە، ئۆتتۈربۇلاق كەنتىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نەمۇنىلىك ئىزلارنى قالدۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا سول لۇشەيەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ زەربە يېگەن. كېيىن خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، يېڭى يېزىقتىن كونا يېزىققا ئۆتۈش ھەرىكىتىدە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ساۋات چىقىرىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

مەرھۇم مۇھەممەدجان توختاخۇن ھايات چېغىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەۋلاد تەربىيىلەشتەك بۈيۈك ئىشلارنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر، قوشاق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە سۆز ئويۇنى، كۈلدۈرگە، ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، چۆچەك، يۇمۇر ـ لەتىپىلەرنى توپلىغان. ئەپسۇس، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۆزى توپلىغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئەمدى بولسىمۇ مەن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل، مەرھۇم مۇھەممەدجان توختاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئەخمەتجان توختاخۇن ئىككىمىز مەرھۇمنىڭ بىر قىسىم يازمىلىرىنى قايتىدىن توپلاپ، رەتلەپ قەلەمگە ئېلىپ، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنىدۇق، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەينەن بولۇشقا تىرىشتۇق.

**نېمە ـ نېمىگە يېقىن**

قېرى قورۇققا يېقىن، پالاكەت ئورۇققا يېقىن.
بەدنىيەت ئورىغا يېقىن، كېسەلمەن دورىغا يېقىن.
قاراڭغۇ يورۇققا يېقىن، قەلەندەر چورۇققا يېقىن.
ئەتكەن چاي كورىغا يېقىن، كىگىز بورىغا يېقىن.

ئىس مورىغا يېقىن، ئوغرى شورىغا يېقىن.
باخشى داپقا يېقىن، مەمەدان لاپقا يېقىن.
ساقال بۇرۇتقا يېقىن، موللام دۇرۇتقا يېقىن.
باراڭ تالغا يېقىن، كەمپىر چالغا يېقىن.
ئاچ قورساق نانغا يېقىن، قېرى ئادەم جانغا يېقىن.

توغرا سۆزلۈك تۆرگە يېقىن، ھەسەتخور گۆرگە يېقىن.
ساپ سۈت قايماققا يېقىن، غىلجىڭ خوتۇن نايناققا يېقىن.
ئۆتمەس ئۇستىرا كاپقا يېقىن، خىيانەتچى ھاپقا يېقىن.
تېرىق تولۇمغا يېقىن، يېتىم بۇلۇڭغا يېقىن.

**نېمە ـ نېمە بىلەن سەمرىيدۇ**

مەمەدان گەپ بىلەن سەمرىيدۇ، پارىخور نەپ بىلەن سەمرىيدۇ.
قۇلۇلە نەم بىلەن سەمرىيدۇ، خىيانەتچى غەم بىلەن سەمرىيدۇ.
ماختانچاق پو بىلەن سەمرىيدۇ، مەرگەن ئوۋ بىلەن سەمرىيدۇ.
مانتا ھور بىلەن سەمرىيدۇ، كۆنچى شور بىلەن سەمرىيدۇ.
ئاشلىق، مېۋە يازدا سەمرىيدۇ، غاز ـ ئۆردەكلەر سازدا سەمرىيدۇ.
ئېشەك توپىدا سەمرىيدۇ، ياسانچۇق خوتۇن ئۆيىدا سەمرىيدۇ.
كالا ھەلەپ بىلەن سەمرىيدۇ، تەمەخور تەلەپ بىلەن سەمرىيدۇ.
تاپاۋەت غەيۋەت بىلەن سەمرىيدۇ، بىكارچى غەيۋەت بىلەن سەمرىيدۇ.
ئىلىم ـ پەن ھەق بىلەن سەمرىيدۇ، سېتىقچى نەق بىلەن سەمرىيدۇ.

**نېمە ـ نېمىدىن ياخشى**

ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ياخشى، يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى.
بىلمىگەندىن بىلگەن ياخشى، مەنىسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى.
ئەلسىز سۈرگەن ھۇزۇرۇڭدىن، ئەل ئۇتىدا كۆيگەن ياخشى.
ئۆزگە يۇرتتا شاھ بولغۇچە، ئۆز يۇرتىنى سۆيگەن ياخشى.
كۆڭلۈك ھەقتىن ئايلىق ياخشى، گادايلىقتىن بايلىق ياخشى.
پىيادىدىن ئاتلىق ياخشى، خاپىلىقتىن شادلىق ياخشى.
پايدا ئالغان يالغىنىڭدىن، زىيان تارتقان راستىڭ ياخشى.
ئاڭلاپ ئەمەل قىلمىغاندىن، ئاڭلىمىغان گاسىڭ ياخشى.
ئۇرالمىغان دەل توپىكاڭدىن، ئەپلىك چىققان پاسىڭ ياخشى.
ئۇنى چىقماس داپ ـ دۇتاردىن، داراڭلىغان داسىڭ ياخشى.
مىننەتتە بار زىياپەتتىن، قۇرۇق ئىچكەن ئاشىڭ ياخشى.
باشقىلارنىڭ گۆھرىدىن ئېلىكىڭدىكى تاشىڭ ياخشى.
تەپكەك قېرى ئارغىماقتىن، خۇيى ياخشى تايىڭ ياخشى.
يورۇتمىغان چىرىغىڭدىن، ئاسماندىكى ئايىڭ ياخشى.
ئەندىش بىلەن يېگەن ئاشتىن، غەمسىز ئىچكەن چايىڭ ياخشى.
چاچ ئال دېسە باش ئالغاندىن، تومۇرۇڭالغان «ھايىڭ» ياخشى.
تولغانغىچە پۇشايماندىن، ئۆز ـ ئۆزىنى سورىغان ياخشى.
قىل ئالغۇچە پېتىر ناندىن، سېخىيلارنى دورىغان ياخشى.

**نېمە ـ نېمىنى يوقىتىدۇ**

راست يالغاننى يوقىتىدۇ، ئۈمىدسىزلىك ئارماننى يوقىتىدۇ.
سامساق ھەسەلنىڭ پايدىسىنى يوقىتىدۇ.
بىئەدەپ سورۇننىڭ قائىدىسىنى يوقىتىدۇ.
ھەرىكەت ئاغرىقنى يوقىتىدۇ، ھۇرۇنلۇق بارلىقنى يوقىتىدۇ.
خاپىلىق شادلىقنى يوقىتىدۇ، سىردىشىش ياتلىقنى يوقىتىدۇ.
ئىسسىقى يوق مەش كۆمۈرنى يوقىتىدۇ، غەم ـ ئەندىشە ئۆمۈرنى يوقىتىدۇ.

**نېمە ـ نېمىدىن قورقىدۇ؟**

جاراھەت يودىتىن قورقىدۇ، كۆزى ئاجىز ئوتتىن قورقىدۇ.
شوپۇر خوتتىن قورقىدۇ، ھېسابچى چوتتىن قورقىدۇ.
چاشقان مۈشۈكتىن قورقىدۇ، پىل تۆشۈكتىن قورقىدۇ.
ئەما گاستىن قورقىدۇ، يالغان راستىن قورقىدۇ.
ياخشى غەيۋەتتىن قورقىدۇ، ئېغىر ئىش غەيرەتتىن قورقىدۇ.
تۆلكە قاپقاندىن قورقىدۇ، لايغەزەل چاققاندىن قورقىدۇ.
سوغۇر قىشتىن قورقىدۇ، ھۇرۇن ئىشتىن قورقىدۇ.
سوغۇق ئوتتۇندىن قورقىدۇ، ئۆزى بوشاڭ خوتۇندىن قورقىدۇ.
كەكلىك توزاقتىن قورقىدۇ، تەقۋادار دوزاختىن قورقىدۇ.
جىن باخشىدىن قورقىدۇ، باخشى ياخشىدىن قورقىدۇ.
قامغاق بوراندىن قورقىدۇ، يانغاق داۋاندىن قورقىدۇ.
پۇل تۇتقان يەپ قويۇشتىن قورقىدۇ، ئوغرى دەپ قويۇشتىن قورقىدۇ.
زالىم ئادالەتتىن قورقىدۇ، بىلىملىك ئاداۋەتتىن قورقىدۇ.
كېلە كۆلدىن قورقىدۇ، پاقا چۆلدىن قورقىدۇ.

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: **ئەخمەتجان مۇھەممەد** (ئىلى توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا قىزىلئۆر «دۆڭتام» كەنتىدىن)
تەييارلىغۇچى: **ئابدۇخېلىل مىرخېلىل** (توققۇز تارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مۇيۇنگۇزەر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

MIRAS

# قادىر كەشمىر




**ئىلاۋە:** *2006* ـ يىلى *4* ـ ئايدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بەلەن خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىگە باردىم ۋە تاسادىپىي پۇرسەتتە گۇما ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى مەمەتئېلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا قىزىقىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ماڭا گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا كىيىكچە كەنتىدە قاسىم غوجاھەمەت دېگەن كىشىنىڭ بىر ياخشى داستانى بىلىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ داستاننىڭ تېخى قەلەمگە ئېلىنمىغانلىقىدەك قىممەتلىك ئۇچۇرنى يەتكۈزدى.

مەن شۇ كۈنلا يولغا چىقىپ قوشتاغ يېزا كىيىكچە كەنتىگە يېتىپ كېلىپ قاسىم غوجاھەمەت ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈم.

مەن قوشتاغ يېزىسىدا ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئاڭلىغان «قادىر كەشمىر» داستانىنى قاسىم غوجاھەمەت ئاكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم ھەمدە نەق مەيداندا ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇغا ئېلىۋالدىم. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالغان ئەسلىي تېكىست ئاساسىدا قايتا رەتلەپ نەشرىياتقا سۇندۇم.

قاسىم غوجاھەمەت ئاكا *70* ياشلارغا كىرگەن خۇش چاقچاق، سۆزگە ھېرىسمەن كىشى ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۆيى قوشتاغ يېزا *6* ـ دادۇي *1* ـ شياۋدۇيدە بولۇپ، ئىلگىرى مۇشۇ يېزىدا ئۇزاق يىل سېكرېتارلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ ئۆيدە دەم ئېلىۋېتىپتۇ. قاسىم غوجاھەمەت ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ داستانى ياش چاغلىرىدا قوشتاغ يېزا سۇلغازى كەنتىدىكى مەمەتئىمىن دېگەن كىشىدىن ئۆگەنگەن ئىكەن، مەمەتئىمىن دېگەن كىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ داستانى مۇشۇ يېزىدىكى پېشقەدەم ھېكايىچى ماموتاخۇندىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن. دېمەك، داستانى ئەڭ دەسلەپتە سۇلغازى كەنتىدىكى ماموتاخۇن دېگەن كىشى سۆزلىگەن. بىراق، سۇلغازى كەنتىدىكى بۇ ئىككى پېشقەدەم ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولغاچقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۈرۈشتە قىلىشقا ئامال بولمىدى. داستان ۋەقەلىكى ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ بىرىنچى قىسمىدا، ئاساسلىق كەشمىرلىك سودىگەر قادىرھاجىمنىڭ قەشقەرگە سودا قىلغىلى كەلگەنلىكى، قەشقەردىكى زوراۋان بەگ يۈسۈپ كالىنىڭ ئۆز ھامىيلىقىدىكى سارىخان سەتەڭنى قادىرھاجىمدىن كۈنلەپ قېلىپ، چوماقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قادىرھاجىمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدا بولسا، قادىرھاجىمنىڭ كەشمىردىكى ئايالى سېلىمخاننىڭ ئېرىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكى، قادىرھاجىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىلگەن يەردىن تېپىپ، ئۇنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ، جامائەتكە ئاشكارا قىلغانلىقى، ئاخىرىدا يۈسۈپ كالا ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىدىن قىساس ئالغانلىقىدەك ۋەقەلىك سۆزلەنگەن.

بىز بىلىمىز، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى نەزىم بىلەن نەسرىنىڭ ئارىلاش ھالەتتە بولۇشى. بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان «داستان بولۇش ئۈچۈن مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست ۋە مۇزىكا بولۇشى، داستان ئېيتقۇچى مۇزىكا چالالايدىغان بولۇشى كېرەك» ① ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «قادىر كەشمىر» داستانىدا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر تولۇق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، نەزمە بىلەن ۋەقەلىك




تەسۋىرى ئارىلاش، قاسىم ئاكا داستان ۋەقەلىكىنى راۋان تىل بىلەن تەسىرلىك بايان قىلىۋېتىپ، بايان ئاخىرلىقىدا «ئەمدى گەپنى دۇتاردىن ئاڭلايمىز» دەيدۇ ـ دە، داستاندىكى نەزمىلەرنى يېقىملىق ئاھاڭدا دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشقا باشلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوخشىماسلىققا ئاساسەن قەھرىمانلىق داستانلىرى، مۇھەببەت داستانلىرى ۋە تارىخىي داستانلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەن «قادىر كەشمىر» داستانىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇنى يۇقىرىقى ئۈچ خىل داستان ئىچىدىكى تارىخىي داستانلار تۈرىگە تەۋە دەپ قارىدىم.

تارىخىي داستانلار ئاساسلىق تارىختىكى مەلۇم رېئال شەخسنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدىغان داستانلاردۇر ②. گەرچە، «قادىر كەشمىر» داستانىدا چوڭ تارىخىي ۋەقە ياكى ھەممىگە تونۇشلۇق تارىخىي شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ تارىخىي داستان تۈرىگە تەۋە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى دوكتور ئوسمان ئىسمائىل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «تارىخىي داستانلارنىڭ ھەممىسىدە كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئادەتتىكى شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغانلىرىمۇ بار ③. شۇڭلاشقىمۇ، «قادىر كەشمىر» داستانىنى تارىخىي داستانلارنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىك داستانلار تۈرىگە تەۋە دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. «قادىر كەشمىر» داستانى ۋەقەلىك بايانىدىن قارىغاندا ئەڭ دەسلەپتە كەشمىردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

گۇننار ياررىڭ ئۆزى توپلىغان «گوما تېكىستلىرى» گە يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ تېكىستلەرنى گومىلىق مەخسۇت ھاجىدىن توپلىغانلىقىنى، مەخسۇت ھاجىنىڭ گومىدىن مەككىگە ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىش يولىدا كەشمىردىكى سېرىنگار دېگەن جايدا بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغانلىقىنى ۋە مۇشۇ مەزگىلدە گۇننار ياررىڭغا نۇرغۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ژانىرلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ④. گۇننار ياررىڭ يەنە «خوتەن تېكىستلىرى ۋە ياركەنت تېكىستلىرى»گە يازغان كىرىش سۆزىدە ئۆزىنىڭ كەشمىردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، قوشاقلارنى توپلاپ ئالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ⑤. بۇنىڭدىن ئەينى يىللاردا كەشمىردە خېلى كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدا ھەرقايسى جەھەتلەردە قويۇق ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

داستاندا ئىپادىلەنگەن كەشمىرگە بولغان يېقىنلىق ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىزنىڭ «داستان ئەڭ دەسلەپ كەشمىردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئاندىن گوما ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرىزىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئاخىرىدا مەن بۇ داستانى بايقاش، توپلاش جەريانىدا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان گوما ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى مەمەتئېلىگە، گوما ناھىيە كەلپىن يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئابلىمىتكە ھەمدە داستانى رەتلەش جەريانىدا ماڭا كۆپ يول كۆرسەتكەن ئۇستازىم ئوسمان ئىسمائىلغا چوڭقۇر تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.

* * *

بۇرۇنقى زاماندا كەشمىر دېگەن يۇرتتا بەگ ھاجىم دېگەن كاتتا سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ ئۇ ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئالتە شەھەردە چوڭ سودىلارنى قىلىپ بېيىغان، تۈگمەس بايلىقى، ئېسىل پەزىلىتى، خەير ـ ساخاۋىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئىكەن.

ئۇنىڭ دۆلىتى زىيادە بولسىمۇ ئۆزى دەردتە، كۆڭلى ھەسرەتتە ئىكەن، چۈنكى ساقاللىرىغا ئاق سانچىپ قالغان بولسىمۇ تېخىچە ئىزنى بېسىپ قالغۇدەك بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەن تېۋىپى، يېمىگەن دوردىسى قالماپتۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يىغلاپتۇ. ھەتتا خوتۇنى بىلەن بىللە ئۇدا يەتتە قېتىم مەككىگە بېرىپ، ھەج قىلىپ ئاللاغا سېغىنىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئاھى ئاللاغا يېتىپ، خوتۇنى ئېغىر بوي بوپتۇ، بەگ ھاجىم خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ. خوتۇنىنى جاھاندىكى بارلىق ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈپ، گۈزەل باغلارنى سەيلە قىلدۇرۇپ، ياخشى كۈتۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ،

شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بەگ ھاجىم داڭلىق
موللىلارنى چاقىرىپ، يۇرتقا زىياپەت بېرىپ بالىغا قادىر
دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇ يەتتە قېتىم مەككىگە بېرىپ، ئاللاغا
سېغىنىپ، تىلەپ ئالغان بالا بولغاچقا قادىر دېگەن ئىسمى-
نىڭ كەينىگە ھاجىم دېگەن نامنى قوشۇپ قادىرھاجىم دەپ
ئاتاپتۇ.

بالا ئۆسمۈرلۈك چېغىنى ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ
تەربىيىلىشى بىلەن، ياشلىق چاغلىرىنى دادىسىنىڭ ئارقى-
سىدىن سودا قىلىشنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەگ
ھاجىم ئوغلى بالاغەتكە يەتكەن ھامان بىر كاتتا باينىڭ
سېلىمخان ئىسىملىك چىرايلىق، چېچەن، ئەقىللىق قىزىنى
ئۈنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. قادىرھاجىمنىڭ توينى قىلىپ
كۆپ ئۆتمەستىن، بەگ ھاجىم قاتتىق ئاغرىق تارتىپ يېتىپ
قاپتۇ. ساقىيىشقا كۆزى يەتمەي ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرتىپ
مۇنداق دەپتۇ:

—بالام! سىز مېنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز پەرزەنتىم،
بارلىق بايلىقىم، ھەممە سودا ئىشلىرىمنى بۈنىڭدىن كېيىن
سىزگە تاپشۇردۇم. مەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش ئالدىدا
سىزگە بەش تۈرلۈك نەسىھەت قالدۇرماقچى: بىرىنچى،
ھەرگىز سودا قىلىشقا ئالتە شەھەرگە بارماڭ؛ ئىككىنچى،
بۇزۇقچىلىق قىلماڭ. چىرايلىقنىڭ ئىگىسى بار، سەت بى-
لەن كۆڭلىڭىز ئېچىلمايدۇ؛ ئۈچىنچى، ھاراق ئىچمەڭ،
نەشە چەكمەڭ، قىمار ئوينىماڭ، چۈنكى كەيپكە بېرىلگەن
ئادەم ئىلگىرى باسمايدۇ؛ تۆتىنچى، ئىت تالاشتۇرماڭ،
چۈنكى گىن ⑥ پەيدا بولىدۇ. بەشىنچى، قولۇمدىكى بۇ
سۇلايمان ئۈزۈكى ماڭا ئاتا- بوۋىلىرىمدىن قالغان. ئەمە-
دى سىزگە تەۋەررۈك قىلاي. بۇ ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە
ئىسمى ئەزەم يېزىلغان، كېچىسى چىراغتەك يورۇيدۇ.
سىزنى ھەرقانداق خېيىمخەتەردىن ساقلايدۇ. قولىڭىزدىن
ھەرگىز ئايرىماڭ.

ئۇزاق ئۆتمەي بەگ ھاجىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قادىر-
ھاجىم دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن چىقماي، سودا ئىشلىرى
بىلەن بەند بوپتۇ. ئىشلىرى روناق تېپىپ، بايلىقى زىيادە
بوپتۇ. چوڭ شەھەرلەردە سودا قىلىپ، قادىر كەشمىر دەپ
ئاتىلىپ، نامى پاكىستان، ھىندىستانغىچە تاراپتۇ. ئۇ دادى-
سىدىن قالغان بۇغا سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ بېغىغا كەشمىر
يېزىقىدا «قادىر كەشمىر» دېگەن خەتنى ئويدۇرۇپ، قولى-
دىن ئايرىماپتۇ. كۈندىن- كۈن، ئايدىن- ئاي ئۆتۈپ ئاتا
نەسىھەتى قادىر كەشمىرنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ-
نىڭدا ئالتە شەھەرگە بېرىش خىيالى پەيدا بوپتۇ. ئايالى
سېلىمخان شۇنچە توسسىمۇ ئۇنىماپتۇ، ئاخىرى كەش-
مىرنىڭ تۈرلۈك پۇراقلىق دورا- دەرمەكلىرىنى، گەز-
ماللىرىنى سەرخىل ئاتلارغا ئارتىپ يىگىرمىگە يېقىن چا-
كارنى باشلاپ، ئەتىۋارلىق قارا بوز ئارغىمىقىغا مىنىپ،
ئالتە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئېگىز تاغلارنى ئې-
شىپتۇ، چۆل- باياۋانلارنى كېزىپتۇ. چوڭ دەريالارنى
كېچىپتۇ. نەچچە ئاي يول يۈرۈپ ئالتەشەھەر چېگرىسى-
دىن ئۆتۈپتۇ. يېڭىسارغا يېقىنلاپ كەلگەندە يىراقتىن بىر
دەڭ كۆرۈنۈپتۇ. قادىرھاجىم ئاستىدىكى قارابوز ئېتىنى
چاپتۇرۇپ، چاكارلاردىن بۇرۇنراق دەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختاپتۇ. توختاپتۇ- يۇ، ئەقلى ھەيران، پەمى سەڭايان
بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى دەڭنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ كېلىشكەن
گۈزەل بىر چوكان ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆ-
زىگە ناز بىلەن قاراپ تۇرغۇدەك. قادىرھاجىمنىڭ كۆڭ-
لىدىن «ياپىرىم! بۇ ئادەم بالىسىمۇ ياكى پەرىمۇ؟» دې-
گەن ئوي كېچىپتۇ. شۇنداقتىمۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ،
چوكاندىن بىر چىنە سۇ سوراپتۇ. چوكان كۈلۈپ ئارقىسىغا
يېنىپ ئۆيىدىن بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ چىقىپ قادىر كەش-
مىرگە سۇنۇپتۇ، قادىر كەشمىر سۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپلا ئىچىپتۇ- دە، چىنىنى چوكانغا سۇنغاچ ئۇنىڭغا
سۆز تاشلاپتۇ:

يېڭىسارغا كۆچكەنمۇ،
ئالتە شەنىڭ ئايلىرى.
بىلىۋالاي كىم ئىكەن،
ئۆزلىرىنىڭ ناملىرى.

چوكان چىنىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇنغان قوللىرىنى قادىر
كەشمىرنىڭ چىنە تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قو-
يۇپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ئېتىم مېنىڭ سارىخان،
ئەسلىرىدە تۇتالا.
مەيلىلىرى بارمىكىن،
كۆڭلۈمىزنى ئۇتالا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قادىر كەشمىر ئەقلى- ھوشىنى
يوقىتىپ چوكانغا مەستانىلەرچە بېقىپتۇ. سارىخان ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە جادۇ كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، چىنىنى ئاپتۇ.
ئاپتۇ- يۇ، قادىر كەشمىرنىڭ قولىدىكى بۇغا سۇلايمان
ئۈزۈكىنىمۇ قوشۇپ سىيرىپ ئاپتۇ. قادىر كەشمىر بۇنى
سەزمەپتۇ، ئاڭغىچە چاكارلار ئات- ئۇلاقلار بىلەن يېتىپ
كەپتۇ. سارىخان قاياققىدۇر ئۆزىنى ئاپتۇ. بۇ يېڭىسارنىڭ
چېتىگىرەك، قەشقەرگە ماڭار يول ئۈستىگە جايلاشقان بىر

دەڭ بولۇپ، بۇنى ئايۇپ ئىسىملىك بىر بوۋاي ئاچىدىكەن، ئۇ ئائىلىسى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن، كىشىلەر ئۇنى «ئايۇپكام دەڭجا» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئاتىنىڭ كىشنەشلىرىنى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى ئاڭلىغان ئايۇپكام دەڭجا ئۆيدىن چىقىپتۇ ۋە ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملىشىپتۇ. كۈن تېخى يورۇق بولسىمۇ، قادىر كەشمىر چاكارلىرىغا:

—ئات ئۇلاغلىرنى باغلاڭلار، يۈك - تاقىنى جايلاڭلار، چېدىر - بارگاھنى تىكىڭلار، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىز، - دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

تەڭ كېچە بولغۇچە قادىر كەشمىر ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن خاس چېدىردا يېتىپ، ئىككى ياققا ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ئۇخلىيالماپتۇ. سارىخاننىڭ گۈزەل جامالى كۆز ئالدىغا كېلىپ راسا قىينىلىپتۇ. ئاخىر چېدىردىن ئاستا چىقىپ سارىخاننىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. بىراق، قاياقتىندۇر ئايۇپ دەڭجا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا:

— بېگىم خاتا كېلىپ قاللا، تەرەتخانا بۇيەردە ئەمەس، ئاۋۇ يەردە، - دەپ قادىر كەشمىرنى تەرەتخانا تەرەپكە باشلاپ قويۇپتۇ. قادىر كەشمىر كېچىدە سارىخاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا قانچە رەت كەلسە، ئايۇپكام شۇنچە رەت پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشىگە زادىلا ئىمكان بەرمەپتۇ. ئايۇپ دەڭجا سارىخاننى نېمە ئۈچۈن بۇنچە قوغدايدۇ؟ ئەسلىدە گەپ مۇنداق ئىكەن:

قەشقەر شەھىرىدە يۈسۈپ دېگەن يۇرت بېگى بولۇپ، ئۇ پەيلى يامان، قىلىقى ئەسكى، كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. بىر ئولتۇرۇشتا يەتتە جىلىك گۆشنى يەپ بولىدىكەن. كىمنىڭ ياخشى مېلى بار، كىمنىڭ چىرايلىق قىزى بار، كۆزى چۈشكەننى بۇلاپ، ئالدىغا كەلگەننى مۇشتلاپ، ياخشى ئىشقا باقماي، يامان ئىشتىن يانماي، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىكەن. قەشقەر خەلقى ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن دىر - دىر تىترەيدىكەن. كوچىلاردا ئەركىن يۈرەلمەيدىكەن. خەلق ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولغاچقا، ئۇنى «يۈسۈپ كالا» دەپ ئاتىشىدىكەن.

سارىخان ئەسلى قەشقەردىكى ئەڭ داڭدار سەتەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈسۈپ كالىنىڭ ئامراق ئاشنىسى ئىكەن. سارىخان قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بىر ئىمىدا تۇرمايدىغان شوخ ئايال بولغاچقا، يۈسۈپ كالا ئۇنى خەقنىڭ كۆزىدىن نېرى ساقلاش ئۈچۈن، ئايۇپ دەڭجاغا ئامانەت قويغان ئىكەن. ئايۇپ دەڭجا يۈسۈپ كالىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەچ سارىخانغا كېچە - كۈندۈز كۆز - قۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرمايدىكەن.

ئەسلي گەپكە كەلسەك، قادىر كەشمىر كېچىچە سارىخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن كېتەلمەي، يا مۇرادىغا يېتەلمەي ئەپسۇس ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ ۋە سەھەردىلا چاكارلىرنى باشلاپ قەشقەرگە يول ئاپتۇ. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. ئەكەلگەن ماللىرنى سېتىپ يۇرت كۆرۈپ يۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى يۈسۈپ كالىدىن ئاڭلايلى:

يۈسۈپ كالا بىر كۈنى قەشقەردىن چىقىپ، ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشەلمەي قالغان سارىخاننى سېغىنىپ، ئايۇپكامنىڭ دېڭىغا كەپتۇ. سارىخان ئۇنى مىڭبىر ناز - كەرەشمە بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. كەچ كىرىپ، ئۇلار ئىشق پەيزىگە چۈشكەندە، يۈسۈپ كالىنىڭ كۆزى سارىخاننىڭ قولىدىكى بۇغا سۇلايمان ئۈزۈكىگە چۈشۈپتۇ. كۆڭلىگە گۇمان تەشۋىش تۇشۇپتۇ. سارىخاندىن ئۈزۈكنى نەدىن ئالغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، سارىخان: «ئاتامدىن مىراس قالغان ئۈزۈك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق، يۈسۈپ كالا بۇنىڭ ئادەتتىكى ئۈزۈك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈكنىڭ سارىخاننىڭ قولىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ ۋە ئۈزۈكنى سارىخاننىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ دەرھال قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپتۇ. يۈسۈپ كالىنىڭ ئەسكىلىكتە ئۆزىنى نەچچە قاتلايدىغان ئىككى چۇماقچىسى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى توختى جىنتاق، يەنە بىرىنىڭ ئېتى قۇۋان قاسساپ ئىكەن. يۈسۈپ كالا ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىنى دەرھال ئېنىقلاشقا جىددىي بۇيرۇپتۇ.

چۇماقچىلار ئۈزۈكنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەر ئارقىلىق ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىنى بىلمەكچى بولۇپ، قەشقەردىن داڭلىق 800 موللىنى يىغىپ، ئۈزۈكنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرىمۇ بۇ خەتلەرنى تونۇيالماپتۇ. يۈسۈپ كالا موللىلارنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، گەدىنىگە مۇشتلاپ، كاسىسلىرىغا تېپىپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

شۇ چاغلاردا قەشقەردە لالاباي دېگەن بىر دانا ئادەم بار بولۇپ، ئۇ يەتتە خىل تىلدا سۆزلىشەلەيدىكەن، يەتتە خىل يېزىقنى تونۇيالايدىكەن. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر لالاباي دەپ ئاتىشىدىكەن. يۈسۈپ كالا شۇ كىشىنى چاقىرتىپ، بۇغا سۇلايمان ئۈزۈكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لالاباي ئۈزۈكتىكى «قادىر كەشمىر» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇپتۇ. يۈسۈپ كالا قادىر كەشمىرنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنى

تېخى كۆرمىگەن ئىكەن، سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئۇ قادىر كەشمىرنىڭ قەشقەرگە كېلىش سەۋەبىدە ئايۇپكامەنىڭ دېگىنىدا بىر كىچە قونغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئۆزۈكنى سارىخانىغا قادىر كەشمىرنىڭ بەرگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، دىلىدا كۈندەشلىك ئوتلىرى يېنىپتۇ. كۆڭلىگە قادىرھاجىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارا نىيىتىنى پۈكۈپتۇ. قادىرھاجىم چوڭ سودىگەر بولغاچقا يۈسۈپ كالا ئۇنى ئاشكارا ئۆلتۈرمەي، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى، ئۆلتۈرۈشكە بىرەر باھانە تېپىشنى ئويلاپتۇ. ئاخىر چۈماقچىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قادىرھاجىم بىلەن قىمار ئويناپ گەپ پەيدا قىلماقچى بوپتۇ، يۈسۈپ كالا قوۋان قاساپ بىلەن توختى جىتتاقنى قادىر كەشمىرنىڭ سارىيىغا ئەۋەتىپتۇ. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قادىر كەشمىر ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. سالام- سەئەتتىن كېيىن قادىر كەشمىر سوراپتۇ:

— ھە! ئىككىلىرى پېقىرنىڭ سارىيىغا بىرەر ھاجەت بىلەن كەلدىلىمكىن؟

— ئۆزلىرىنى يۈسۈپ بېگىم كاتتا زىياپەت تۈزۈپ، ياخشى نەشىنى تەييارلاپ ساقلاپ تۇرىدۇ. نەشە تارتقاچ ئۆزلىرى بىلەن قىمار ئوينىماقچى ئىكەن،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈماقچىلار.

يۈسۈپ كالىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى قادىرھاجىمۇ ئاڭلىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ يۈسۈپ كالىنىڭ ئۆزى بىلەن دوست تارتىشماقچى بولغانلىقىدىن سەل ئاچچىقى كەپتۇ. بىراق، چىرايلىقچە چۈماقچىلارغا شۇنداق دەپتۇ:

— بېگىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەن ھاراق ئىچمەيمەن، نەشە چەكمەيمەن، قىمارنى تېخىمۇ ئوينىمايمەن. چۈنكى، كەيپكە بېرىلگەن ئادەم ئىلگىرى باسالمايدۇ.

چۈماقچىلىرىدىن قادىر كەشمىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ كالا ئاچچىقىدا بۆرىدەك ھۆۋلاپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا قوۋان قاساپ دەپتۇكى:

— بېگىم، ئاڭلىسام قادىر كەشمىرنىڭ كەشمىردىن ئېلىپ كەلگەن داڭلىق بىر ئىتى بار ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىتلىرىمۇ ئالتە شەھەر بويىچە تالىشىشتا داڭق چىقارغان، قادىرھاجىمنى ئىت سوقۇشتۇرۇشقا چاقىرسىلا چوقۇم كېلىدۇ.

يۈسۈپ كالا بۇنى توغرا تېپىپ قوۋان قاساپ بىلەن توختى جىتتاقنى يەنە قادىر كەشمىرنىڭ سارىيىغا ئەۋەتىپتۇ.

— ئىككىلىرى يەنە نېمە ئىشقا كەلدىلىرىكىن،- دەپ سوراپتۇ، بۇ نۆۋەت قادىر كەشمىر سوغۇقلا.

— بېگىمىز ئۆزلىرىنىڭ كەشمىردىن ئەكەلگەن ئىتلىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئىت تالاشتۇرۇشنى كۆڭلى تارتىپتۇ- دەپتۇ چۈماقچىلار.

— بېگىڭلارغا ئېيتىڭلار مەن ئىت سوقۇشتۇرمايمەن. مۇساپىر ئىت يەرلىك ئىت بىلەن تالىشالمايدۇ،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قادىر كەشمىر.

چۈماقچىلاردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۈسۈپ كالا دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۆزى قادىرھاجىمنىڭ سارىيىغا كەپتۇ. قادىرھاجىم ئۇنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

— ئادەملىرىمنى نەچچە نۆۋەت ئەۋەتسەم پېقىرنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى مەيلىلىرى تارتمىدى،- دەپ گەپ باشلاپتۇ يۈسۈپ كالا ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرۇپ،- ئۆزلىرى ئىت تالاشتۇرۇشقا نېمىشقا ئۇنىمىدىلىكىن؟

— ئىت تالاشتۇرغاندا ھامان بىر تەرەپنىڭ ئىتى يارىدار بولىدۇ. يېڭىلىپ قالغان تەرەپ كۆڭلىدە گىن ساقلايدۇ،- دەپتۇ قادىرھاجىم.

— ئۇنداقتا ئىككى تەرەپ تىلخەت يازايلى، تىلخەتكە قايسى تەرەپنىڭ ئىتى يارىلانمىسۇن زادىلا ئۆچ- ئاداۋەت قىلىشماسلىق توغرىسىدا نامە پۈتەيلى،- دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ يۈسۈپ كالا.

قادىرھاجىم يۈسۈپ كالىنىڭ جىددىي تەقەززا قىلىشى بىلەن ئامالسىز ئىت تالاشتۇرۇشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار شۇ يەردىلا تىلخەت پۈتۈپ ھەرقايسىسى ئۆز مۆھۈرلىرىنى بېسىشىپتۇ.

شۇ كۈنىلا قوۋان قاساپ بىلەن توختى جىتتاق قەشقەرنىڭ چوڭ- كىچىك كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە مۇنۇلارنى جاكارلاپتۇ:

— بارچە خالايىق ۋاقىپ بولۇڭلار، ئەتە كەشمىردىن كەلگەن قادىرھاجىم بىلەن يۈسۈپ بەگ ئىت تالاشتۇرماقچى! كۆرگۈچىلەر بولسا ئەتە ئەتىگەندە چوڭ مەيدانغا يىغىلىڭلار.

ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتۈن قەشقەردىكى چوڭ- كىچىك، قېرى- ياش، چوڭ مەيدانغا يىغىلىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئىتلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىشىپتۇ.

قادىر كەشمىر بىلەن يۈسۈپ كالا مەيداننىڭ باش تەرىپىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشۇپتۇ. دەسلەپتە قادىر كەشمىرنىڭ ئىتى تالاشقىلى ئۇنىماي مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

ئەيىنى چاغدا ئىت تالاشقىلى ئۇنىمىسا يەردىن بىر سقىم توپىنى ئېلىپ ئىتنىڭ گەدىنىگە قويۇپ، شاپىلاقلاپ قويىدىغان ئادەت بار ئىكەن.

قادىر كەشمىر ئىتنىڭ گەدىنىگە بىر سقىم توپىنى قويۇپ شاپىلاقلاپ قويغان ئىكەن، شۇ ھامان خىرىس قىلىپ يۈسۈپ كالىنىڭ ئىتىغا ئېتىلىپتۇ ۋە يۈسۈپ كالىنىڭ ئىتىنى قاتتىق تالىۋېتىپتۇ. يۈسۈپ كالىنىڭ ئىتى قاچقانچە يۈسۈپ كالىنىڭ قورۇسى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قادىر كەشمىرنىڭ ئىتى ئارقىدىن قوغلاپ كىرىپتۇ، كەينىدىن يېتىپ كەلگەن قوۋان قاسساپ يۈسۈپ كالىنىڭ شەرتى بىلەن قادىر كەشمىرنىڭ ئىتىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، تالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپتۇ. قادىر كەشمىر بۇ ئىشلارنى سەزگەن بولسىمۇ، بىراق ئىشنى يوغارتماسلىق ئۈچۈن ئىتنى سۈرۈشتۈرمەپتۇ. بۇ كۈنلەردە قەشقەردە «يۈسۈپ كالا قادىر كەشمىرنى ئۆلتۈرەرمىش» دېگەن گەپلەر تارقاپتۇ. بۇ گەپلەر قادىر كەشمىرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

قادىر كەشمىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ كالىنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپتۇ ۋە ئۇدۇل قەشقەر ئامبىلىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئامبالغا شۇنداق دەپتۇ:

— يۈسۈپ بەگ ئۆزى كېلىپ ئىت سوقۇشتۇرۇشنى ئېيتقان. گىن بولىدۇ دەپ ئۇنىمسام ئۇشبۇ تىلخەتنى يېزىپ، ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىقنى قەيت قىلغان. بىراق ئۇ يېڭىلىشكىنىگە چىدىماي ئىتىمنى ئۆلتۈردى، بوپتۇ دېدىم. ئەمدى ماڭا قەست قىلماقچى بوپتۇمىش. بۇنىڭغا زادى نېمە دېگۈلۈك؟

ئامبال بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ قادىرھاجىمغا ئويچان بېقىپتۇ. گېلىنى قىرىپتۇ، ئامالسىزلىقنى بىلدۈرۈپ گەدىنىنى قاشلاپتۇ. ئاخىر قادىرھاجىمغا مۇنداق جاۋاب تاشلاپتۇ:

— يۈسۈپ كالا ئۆزى ئۈچ ئادەمنى تىرىك قويمايدۇ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بوش تۇرساق تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. چىڭ تۇرساق ئىش يوغىناپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆزلىرى كۆپرەك ئېھتىيات قىلسىلا، ئامبال قورۇسىدىن ئۆي ئاجرىتىپ بېرەي، ئادەملىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرسىلا، سودىلىرى تۈگىگەندە ئۆزۈم سىلىنى يولغا سېلىپ قويىمەن.

شۇنداق قىلىپ قادىر كەشمىر ئادەملىرى بىلەن يامۇل قورۇسىغا كۆچۈپ كەپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ ھەش-پەش دېگۈچە قادىر كەشمىرنىڭ قەشقەرگە كەلگىنىگە بەش يىل بولۇپ قاپتۇ. قادىرھاجىم قەشقەرگە ماڭغاندا ئايالى سېلىمخان ئېغىر بوي ئىكەن، بالا تۇغۇلۇپ بەش ياشقىمۇ كىرىپ قاپتۇ. قادىرھاجىمنىڭ كۆڭلىنى ئۆيى، خوتۇن-بالىلىرى تارتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئامبالنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئامبال شۇنداق دەپتۇ:

— يۈسۈپ بەگ ئاسان بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، شۇڭا سىز تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، مال-مۈلۈك، چاكارلىرىڭىزنى ئالدىن يولغا سېلىڭ، سىزنى يوشۇرۇن ئارقىدىن يولغا سالايلى، قەشقەردىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتىشىڭىزگە مەن كېپىللىك قىلاي.

قادىر كەشمىر ئامبالدىن بۇ گەپنى ئىشتىپ كۆڭلىدە توغرا تېپىپتۇ. ئىككى ئاي تەييارلىق قىلىپ، بارلىق مال-دۇنيالىرىنى ئاتلارغا ئارتىپ، چاكار ۋە ئات-ئۇلاقلارنى ئالدىن يولغا ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ساق-سالامەت قەشقەردىن چىقىپ كەشمىرگە يول ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى يولغا چىقىپتۇ. قەشقەر ئامبىلى ياخشى مەپىدىن بىرنى جابدۇپ، ئۇنىڭغا يېشىل دۇخاۋا يوپۇق يېپىپ كۆچلۈك ئادەمدىن بىر نەچچىنى قېتىپ، قادىرھاجىمنى كۆز باغلانغان ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ ئادەم ماڭماس چەت يوللىرى بىلەن كەشمىرگە يولغا ساپتۇ. يۈسۈپ كالا ئاللىقاچان يامۇل قورۇسىغا تىڭتىڭچى قويغان بولۇپ، ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئادەملىرى بىلەن شەھەر سىرتىدا قادىر كەشمىرنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئامبالنىڭ ئادەملىرى قادىر كەشمىرنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپتۇ. قادىر كەشمىرنىڭ مەپىسى ئۇزاق ماڭمايلا يۈسۈپ كالا ئادەملىرى بىلەن چىقىپ ئالدىنى توسۇپتۇ. يۈسۈپ كالا قامچا دەستى بىلەن مەپىنىڭ يوپۇقىنى قايرىپ، ئىچىدە ئولتۇرغان قادىر كەشمىرنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاتتىن مەپىنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ، قادىر كەشمىر چاققانلىق بىلەن مەپىدىن سىرتقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە مەپىگە قېتىلغان قارا بوز ئېتىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ-دە، ئاتنىڭ يۈگىنىنى كېسىپ تاشلاپ ئۇچقاندەك ئالدىغا چېپىپ كېتىپتۇ.

قادىرھاجىمنىڭ قارا بوز ئېتىنىڭ پۈتكۈل كەشمىردە

داڭقى بار ئىكەن. يۇگۇرۇكلۇكتە ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئات تەڭ كېلەلمەيدىكەن. شۇڭا يۇسۇپ كالىنىڭ ئادەملىرى ئۇزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئات قادىرھاجىمنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قانچىلىك ماڭغانلىقىنى قادىرھاجىم بىلەلمەپتۇ، تۈن كېچە بولغاندا ئۇ مېڭىۋېرىپ چارچاپتۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئۇنى قىيناپتۇ، ئۇ شۇ تەرىقىدە كېتىۋېتىپ يىراقتىن بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ، شۇ ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا بۇ دەل ئۆزى كەشمىردىن كېلەردە قونۇپ ئۆتكەن ئايۇپكامنىڭ دېڭى ئىكەن.

قادىرھاجىم ئايۇپكام دەڭجانى قانداق ئويغىتىشنى بىلمەي ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇرۇپ قاپتۇ ۋە شۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئات ئۇستىدە ئون يامبۇ،
يۇسۇپ كالا ئالمىسۇن.
ھالىمدىن خەۋەر ئېلىڭ،
ئۆلۈكۈم دەڭدە قالمىسۇن.

ئايۇپكام دەڭجا كېچىنىڭ بىرىنچى ئۇيقۇسىنى تۇگىتىپ، ئىككىنچى ئۇيقۇسىنى باشلاشقا ئوڭدىن سولغا ئۆرۈلگەن ئىكەن. بۇ نەزمە ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپ قادىرھاجىمنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئۆيگە باشلاپتۇ.

قادىرھاجىم ئايۇپكام ئالدىغا قويغان مەزىلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئايۇپكامغا ئېيتىپتۇ. ئايۇپكام ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى دەرھال پەملەپتۇ.

ئايۇپكامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى چوڭ پىچانلىقى بار ئىكەن. ئايۇپكام قادىر كەشمىرنى شۇ پىچانلىقنىڭ ئوتتۇرىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ قارا بوز ئېتىنى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يەر گەمىسىگە ئەكىرىپ شۇ يەرگە باغلاپ قويۇپتۇ.

ئايۇپ دەڭجا قادىر كەشمىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، تېخى باشقا ئىشنى باشلىماي تۇرۇپلا، يۇسۇپ كالا چۇماقچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، بوراندەك باستۇرۇپ كىرىپتۇ ۋە ئايۇپ دەڭجادىن سوراپتۇ:

ـــقادىر كەشمىر كېچىدىن بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟

ـــياق، كەلمىدى.

ـــقادىرھاجىمنىڭ ئېتىنىڭ ئىزى ئۆزلىرىنىڭ دەڭلەرى ئالدىدا يوقالغان تۇرسا، سىلى كۆرمىسىلە ئۇ ئات بىلەن ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتىمۇ؟

ـــمەن ئۇقمىدىم غوجام، قادىر كەشمىر دېگەن كىشىنى كۆرگۈنۈم يوق،ـ دەپ قول قوشتۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايۇپ دەڭجا.

يۇسۇپ كالا ئۇنىڭ گېپىگە چىن پۈتۈپ قـاپـتـۇ ۋە دەرھال يەكەن تەرەپكە يول ئاپتۇ. نەچچە كۈن ئەتراپتىكى بارچە يۇرتلارنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزچىلىك سېلىپ، ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ، قارىغاننى مۇشتلاپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى قىيا ـ چىياغا تولدۇرۇپتۇ. لېكىن قادىر كەشمىرنى تاپالماپتۇ. يۇسۇپ كالا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا توختى جىنتاق شۇنداق دەپتۇ:

ـــبېگىم! قادىر كەشمىرنى ئايۇپ دەڭجا يوشۇرۇپ قويغان گەپ، قادىر كەشمىرنىڭ ئېتىنىڭ ئىزى نەق ئايۇپ دەڭجانىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندە كۆزدىن يوقـــدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قادىر كەشمىر ئايۇپ دەڭجانى تونۇيدۇ. ئۇ قېچىپ شۇ يەرگە كەلمەي نەگە باردۇ؟ شۇڭا ئايۇپ دەڭجانىڭ ئۆيى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى پىچانلىقنى ئىزدەيلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايۇپ دەڭجانىڭ ئۆيىگە قايتا كەپتۇ. يۇمشاق گەپ بىلەن ئالداپ، قاتتىق گەپ بىلەن ھەيۋە قىلىپ ئايۇپكامنىڭ ئاغزىدىن ھېچقانداق گەپ ئالالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. بىـراق، ئـايـۇپ دەڭجا «كۆرمىدىم» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمـاپـتـۇ. ئاڭغىچە كەچ كىرىپتۇ. توختى جىنتاق بىلەن قۇۋان قاساپ پەنەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئايۇپكامنىڭ ئۆيى ئارقىسىدىكى پىچانلىقنى ئاختۇرۇپتۇ.

ئىزدەپ پىچانلىقنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئاۋۋال قادىر كەشمىرنىڭ بىر تال ئايىغىنى تېپىپتۇ. ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ يۇسۇپ كالىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ كەپتۇ. يۇسۇپ كـالا قـادىـر كەشمىرنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، چىرايلىرى سارغايغان، بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، ئۇنىڭغـا قاراپ شۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

بوداپ باققان بوز ئاتىڭدا،
ھاۋاغا قاراپ ئۈچتۈڭمۇ؟
توشقان بولۇپ قاچتىڭمۇ؟
چوڭ سۆزلىگەن قادىر باي.
ئەمدى قولغا چۈشتىڭمۇ؟

قادىر كەشمىر ئۇلارنىڭ يامان پەيلىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز جېنىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، يۈسۈپ كالىغا قاراپ شۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

خوتەندىكى پۇل مالىمنى،
ھەممىسىنى سوغلاپ بېرەي.
ئالتە شەگە كەلمەسكە،
قولۇمدىن تىلخەت بېرەي.

يۈز ئون سەرلىك چىلىم بار،
مەرۋايىتتىن كۆز قويغان.
نەشە چېكىلىك ئۈنىڭدا،
سىلىگە ئاتاپ ئېپ قويغان.

قادىرھاجىم شۇنداق دەپ يېنىدىن ئاجايىپ ئېسىل ئالتۇن چىلىمنى چىقىرىپ، يۈسۈپ كالىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

يۈسۈپ كالا ئۇنى قولغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆرسە بۇ چىلىم يۈز ئون سەردىن ئارتۇق چىقسا چىقاركەن، كەم ئەمەسكەن. ئۇ ئىككى چۇماقچىسىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئالتە شەگە كەلمەسلىككە تىلخەت بېرەي دەيدۇ. خوتەندىكى بايلىقىنىمۇ بەرسە ئۇنىڭ جېنىدىن كېچەمدۇقىيا؟

قاتىللىق خۇمارى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە قان تولغان قوۋان قاسساپ بىلەن توختى جىتتاققا بۇ گەپ ياقماپتۇ ۋە بەگكە قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ لالمىنىڭ خوتەندە مىلىم بار دېگىنى يالغان. راست بولسا، بىرەر رەت خوتەنگە بارار ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ قەشقەردە گىدىيىپ يۈرۈپ، بىزنى قىلچە كۆزگە ئىلمىدى، ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا يەر قىلدى، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ.

يۈسۈپ كالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەڭدەپ قاپتۇ، بۇ ھالنى كۆرگەن قادىر كەشمىر يۈسۈپ كالىغا قاراپ يەنە مۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

سىزمۇ ياغاق يۈسۈپاخۇن،
بىزنىڭ باللار بولۇر تاش.
قىساس ئالماي قويمايدۇ،
خۇدايىم بەرگەن ئېزىز باش.

يۈسۈپ كالا بۇ گەپنى ئىشىتىپ چۇماقچىلىرىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھازىرغىچە بىز نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردۇق. ھېچكىممۇ بىزدىن قىساس ئېلىپ باقمىدى، بۇ ئۆلمەي تۇرۇپ، قىساس ئېلىشىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ياخشى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى مۇشۇ ھالدا بۇ يەرگە تاشلاپ كېتەيلى.

— بېگىم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى تۇتىمىز دەپ كۆزلىرىمىز چەكچەيدى، بەللىرىمىز مۈكچەيدى، ئەمدى ئۆلتۈرمىسەك ئاچچىقىمىز يانمايدۇ، ھاردۇقىمىز زادى چىقمايدۇ. ئۆلتۈرگۈلۈك، - دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ ئىككى چۇماقچى.

يۈسۈپ بەگ ئۇلارغا:

- ئۇنداقتا ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، - دەپتۇ - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قەشقەرگە يول ئاپتۇ. قوۋان قاسساپ كالتەك بىلەن قادىرھاجىمنى بىرنى ئۇرۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ. توختى جىتتاق يۈلەپ تۇرسا قوۋان قاسساپ ئۇرۇپتۇ. قوۋان قاسساپ يۆلەپ بەرسە توختى جىتتاق ئۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كاللا كېسەر شۇ مەيداندا قادىر كەشمىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

قادىر كەشمىرنىڭ بېشىدا تۇمىقى، بېلىدە ئالتۇن كەمىرى بار ئىكەن. ئىككى چۇماقچى بۇ نەرسىلەرنى تالاشىپ بىر - بىرىگە مۇشت ئېتىشىپتۇ. ئاخىر يەنە پەيلىلەرىدىن يېنىشىپتۇ. تۇماقنى توختى جىتتاق كىيىپتۇ، ئالتۇن كەمەرنى قوۋان قاسساپ باغلاپتۇ. ئۇلار قادىرھاجىمنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىپ يۈسۈپ كالىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. يۈسۈپ كالا جەسەتنى دەرھال جىمىقتۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. يۈسۈپ كالىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا كۆز يەتكۈزىسىز چوڭ بەدىلىكى بار ئىكەن. بەدىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېگىز چىگان [7] بار ئىكەن. ئۇلار چىگاننىڭ يېنىنى كولاپ تاڭ ئاتقىچە قادىرھاجىمنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بەدىلىكتە قاياقتىندۇر قادىرھاجىمنىڭ قارا ئارغىماق ئېتى پەيدا بوپتۇ ۋە قادىرھاجىمنى

كۆمگەن يەرگە كېلىپ توپىنى تاتىلاپ، ئېچىنىشلىق كىشنەپ، چېپىپ يۈرۈپتۇ، يۈسۈپ كالا بۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ چۇماقچىلىرىغا:

— بىزگە ھەر بالا كەلسە مۇشۇ ئاتتىن كەلگۈدەك، ئۇنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىڭلار، — دەپتۇ. چۇماقچىلار قانداق قىلدى ھېچكىم بىلمەي قاپتۇ، ئىشقىلىپ ئات قايتا بۇ ئەتراپتا كۆرۈنمەپتۇ.

* * *

ئەمدى گەپنى قادىرھاجىمنىڭ كەشمىردە قالغان ئايالى سېلىمخاندىن ئاڭلايلى.

بىر كۈنى قادىرھاجىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئۆگزىدە ئويناۋاتقان ئىكەن، سېلىمخان ھويلىدا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند ئىكەن. بالا ئۆگزىدە تۇرۇپ يىراقتا بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ دەرھال ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئانىسىغا:

— ئاپا! ئاپا، يىراقتىن بىر توپ كىشىلەر ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. دادام قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

سېلىمخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوغلىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ. ئاتلىقلار يېقىنلاشقاندا سېلىمخان قادىرھاجىم بىلەن بىللە كەتكەن چاكارلارنى تونۇپتۇ. قارىسا قادىرھاجىم كۆرۈنمىگۈدەك، ماللار ئاتلارغا قالايمىقان ئارتىلغان، چاكارلارنىڭ رەڭگىلىرى سۇلغۇن تۇرغۇدەك. چاكارلار دەرۋازا ئالدىدا توختاپتۇ. ھېچكىممۇ زۇۋان سۈرمەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن سېلىمخان بىر شۇملۇقنى تۇيۇپتۇ ۋە چاكارلارغا قاراپ مۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

قوي گۆشى يېگەن يارەنلەر،
توڭگۇز گۆشى يېدىڭمۇ؟
قادىر باينى تاشلاپ كېلىپ،
مېنى بىلمەس دېدىڭمۇ؟

چاكارلار بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ قەشقەردە قادىرھاجىم بىلەن يۈسۈپ كالا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپتۇ ۋە سېلىمخانغا:

ـ غوجام ئارقىمىزدىن كۈن ئۆتكۈزمەي يولغا چىقماقچى بولغان، لېكىن يېتىپ كېلەلمىدى، ئۇنىڭ قارا ئارغىمىقى دۈلدۈلدەك چاپاتتى، لېكىن يولدا بىرنەچچە كۈن توسساقمۇ كېلەلمىدى، بىر پېشكەللىك بولغانلىقىنى پەملەپ ئارقىمىزغا يانماقچى بولدۇق، بىراق، قەشقەردە يۈسۈپ كالىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمىز ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئامالسىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

سېلىمخان بولغان ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ.

كېرەك بولسا خىل سەتەڭ،
بارماسمىدۇق بومبايغا.
ئالتە شەگە كەتتىڭىز،
بۇنىڭدىن سىزگە نىم پايدا.

بومباينىڭ سەتەڭلىرى،
ئون قولدا ئون ياغلىق.
كەشمىردىن ئادەم بارسا،
جان غوجام دەپ يىغلاغلىق.

سېلىمخان پەرىشان ھالدا چاكارلارنى ئۆيگە باشلاپتۇ. چاكارلار كۆڭۈللىرىدە «غوجام ئارقىمىزدىن كەلمىدى، ئۆزى بولغان بولسا قەشقەردە قىلغان خىزمەتلىرىمىز ۋە يولدا تارتقان جاپالىرىمىز بەدىلىگە بىزنى ئوبدان رازى قىلار ئىدى. سېلىمخان مەزلۇم كىشى، ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئۇ قانداق بىلسۇن» دېگەن ئويلارنى قىلىپ، غەمكىن بولۇشۇپتۇ.

سېلىمخان چاكارلار ماللىرىنى بېسىقتۇرغىچە يوغان قازان ئېسىپ، ئۆزى باش بولۇپ دېدەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلاپتۇ، غىزادىن كېيىن ھەر بىر چاكارنىڭ ئالدىغا بىر قۇردىن ئىگىن ۋە ئۇلار رازى بولغۇدەك كۆپلۈكتە لېگەندە تىللا قويۇپتۇ. چاكارلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، خوتۇن ـ باللىرىنى كۆرۈشكە ئۆيلىرىگە چېپىپتۇ.

سېلىمخان قادىرھاجىمنىڭ دەردىدە بىر نەچچە ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي ئېلىملىك ـ سېلىك يۈرۈپ يەنە نەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. ئاخىر مۇنداق يۈرۈۋېرىشتىن ئىچى پۇشۇپتۇ. ئالتە شەھەرگە بېرىپ قادىرھاجىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى، ئەگەر راستىنلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسا قىساسىنى ئالماقچى بولۇپ، كەشمىر ئامبىلىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. كەشمىر ئامبىلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سېلىمخانغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا قادىرھاجىم بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ. بىراق، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئىش ئىكەن. ئەگەر دۆلەت نامىدىن ئارىلاشساق ئىش يوغىناپ كېتىدۇ. شۇڭا سىلىگە نېمە ھاجەت

بولسا بىز تەييارلاپ بېرەيلى، ئىشنى ئامال بار ئۆزلىرى ھەل قىلسىلا.

سېلىمخان بۇ تەكلىپنى خوپ كۆرۈپتۇ. سېلىمخان قاۋۇل 40 ئادەم ياللاپتۇ. كەشمىر ئامبىلى ۋەدىسىگە بىنائەن بۇ 40 ئادەمگە يەتكۇدەك قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل ـ پۇچەكلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ.

سېلىمخان 40 ئادەمگە ئۆزى باش بولۇپ، ئوغلىنى ئېلىپ، ئالتە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇلار ئېگىز تاغلار ئېشىپتۇ، چۆل دەشتلەرنى كېزىپتۇ، چوڭ دەريالارنى كېچىپتۇ، ئاخىر نەچچە ئاي يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەپتۇ.

ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇدۇل قەشقەر يامۇل قورۇسىغا چۈشۈپ شۇ يەرگە جايلىشىپتۇ. بىراق، قەشقەر ئامبىلى قادىرھاجىمنى سالامەت يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېلىمخان ئوغلىنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرنىڭ كوچا ـ رەستىلىرىنى كۈندە دېگۈدەك ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرەر ئۇچۇر ئىزدەپتۇ. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر خەۋەر بېرەلمەپتۇ. ئون كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. 11 ـ كۈنى سېلىمخان كوچىدا ئارىلاپ كېتىۋاتسا بىر موماي ئۇنىڭغا سۆز تاشلاپتۇ:

—خېنىم نەچچە كۈن بولدى، ئاتلىق توختىماي ئايلىنىپ يۈرىلا، بىرەر نېمە ئىزلەملا ياكى قەشقەرنى تولۇق بىر كۆرۈپ چىقماقچىمۇ؟

سېلىمخان ئۆزىدىن گەپ سورايدىغان بىرەرسىنىڭ چىققانلىقىغا خۇش بولۇپ مومايغا شۇنداق دەپتۇ:

—ئېھ ئانا، مەن باغرىم خۇن، كۆزۈم ياشلىق مەزلۇممەن، ئۆزۈم كەشمىرلىك سودىگەر قادىرھاجىمنىڭ ئاجىزەسى مەن، ئېرىم قادىرھاجىم بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن كەشمىردىن ئالتە شەھەرگە كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتكەن چاكارلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ قەشقەر بېگى يۈسۈپ كالا بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغان ئىكەن، يۈسۈپ كالىنىڭ ئۇنىڭغا قارا قولىنى ئۇزاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچ خەۋەر ئالالمايۋاتىمەن.

موماي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سېلىمخانغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

—بىر چاغلاردا بىر قارا ئارغىماقنىڭ ئايۇپ دەڭجانىڭ ئۆيى ئارقىسىدىكى پىچانلىقتا يەرنى تىلغاپ، توختىماي كىشنەپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇ يەرنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە ئىشلىقىنى سورىسام، كىشىلەر ماڭا يۈسۈپ كالا قادىرھاجىمنى ئۆلتۈرۈپ مۇشۇ پىچانلىققا كۆمگەنمىش، شۇڭا قادىرھاجىمنىڭ ئامراق ئارغىمىقى بۇ يەردىن نېرى كەتمەي كىشنەپ يۈرەرمىش، دېيىشتى. مەن بىر ھايۋاننىڭ ئۆز ئىگىسىگە بولغان ساداقىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولغانىدىم. كېيىن ئۇ ئارغىماقمۇ يوقالدى، مەن بۇ ئىشلارنى مۇشۇنچىلىك بىلىمەن، ـ دەپ گېپىنى تۈگىتىپتۇ.

سېلىمخان مومايغا كۆپ كۈمۈش بېرىپ رازى قىپتۇ ۋە شۇ كۈنى كەچ كىرىشى بىلەنلا 40 ئادەمنى باشلاپ كېرەكلىك سايمانلارنى راسلاپ، ئايۇپ دەڭجانىڭ پىچانلىقىغا كەپتۇ ۋە پىچانلىقنى بىر باشتىن يەتتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىچكىرىسىگە قاراپ كولاپ مېڭىپتۇ. تاڭ يوراي دېگەندە، ئۇلار پىچانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىگانىنىڭ يېنىدىن قادىرھاجىمنىڭ جەسىتىنى تېپىپتۇ.

قادىرھاجىمنىڭ جەسىتى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن خۇددى ھايات چېغىدىكىدەكلا تۇرغان ئىكەن. سېلىمخان جەسەتنى دەرھال ئامبالغا كۆرسىتىپتۇ. ئامبال سېلىمخانغا:

—يۈسۈپ كالا بىلەن تەڭ بولماق تەس، شۇڭا يۇقىرىغا مەلۇمات سۇنسام، ئادەم ئەۋەتسە ئاندىن بىر نېمە دېسەك، ـ دەپتۇ.

—مەلۇماتنىڭ جاۋابىنى قانچە ۋاقىت ساقلايمەن؟

—ئۈچ ئاي ساقلايلا، ـ دەپتۇ ئامبال.

سېلىمخان ئۈچ ئاينى كۈنلەپ، سائەتلەپ ساناپ ئۆتكۈزۈپتۇ. يۇقىرىدىن كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ يوللىرىغا تەلمۈرۈپتۇ، بىراق، ئادەم كەلمەپتۇ. ئامبالمۇ بىغەم يۈرۈۋېرىپتۇ. ئەسلىدە ئامبال يۈسۈپ كالىدىن نۇرغۇن پارا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سېلىمخاننى ئالدىغان ئىكەن. ئۇلار ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇپ، جەسەت سېسىپ كەتكەندە پاكىتنى يوقىتىپ، ئاندىن باھانە تېپىپ سېلىمخاننىڭ ئاغزىنى باسماقچى بولغان ئىكەن. بىراق سېلىمخان ئەقىللىق ئايال بولغاچقا ئەھۋال ئېنىقلانغىچە جەسەتنى ياخشى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، قادىرھاجىمنىڭ جەسىتىنى بايقىغان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئېسىل، خۇشپۇراق دورىلارنى سېپىپ، مەخسۇس ئىككى ئادەمگە كۆتۈرتۈپ، ھاۋالىق جايلارغا يۆتكەپ، يېنىنى يەرگە تەگكۈزمەي ساقلىغان ئىكەن.

ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپتۇ، يۇقىرىدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمەپتۇ، سېلىمخان ئامبالنىڭ قەستىنى سېزىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشى بىر كۈننى تاللاپ، كاتتا زىياپەت راسلاپ بارلىق يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپتۇ، زىياپەت ئارىلىقىدا سېلىمخان ئوتتۇرىغا چىقىپ ئازراق سۆز قىپتۇ. ئۇ قادىرھاجىم بىلەن يۇسۇپ كالا ئوتتۇرىسىدا بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ كېلىپ ئامبالنىڭ ئۆزىنى ئاني تاپقانلىقىنى قاتتىق سۆكۈپتۇ. ئامبال قارىغۇدەك بولسا تولۇق قۇراللانغان 40 ئادەم ئۆزىنى قورشاپ ئالغان ئىكەن، ئامبال شۇ يەردىلا قىلمىشىغا توۋا قىپتۇ. سېلىمخانغا ئۆزرە ئېيتىپ، نەق مەيداندا يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ يۇقىرىدىن ئۈچ ئادەم كەپتۇ، ئۇلار ئەھۋالنى بىر قۇر تەخمىن قىلىپ، قادىرھاجىمنى يۇسۇپ كالىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى جەزم قىپتۇ. بىراق يۇسۇپ كالىنىڭ ئالدىغا قويغۇدەك ئېنىق ئىسپات تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن يۇرت ئۆلىمالىرىنى يىغىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئۆلىما شۇنداق سۆز قىپتۇ.

—«دالايلى» دەيدىغان بىر دىنىي كىتاب بار. ئەگەر يەتتە چوڭ ئاخۇن يەتتە كېچە-كۈندۈز مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ، چىنىدىكى سۇغا ھۈرسە 7-كۈنى سۇدا بىلمەكچى بولغان سىرى-ھېكمەت ئايان بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلىشتە بۇنىڭدىن ئۆزگە ياخشىراق چارە بولماس،- دەپ گېپىنى تامام قىپتۇ.

يېتىشكەن يەتتە ئاخۇن يەتتە كېچە-كۈندۈز «دالايلى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چىنىگە ھۈرگەن ئىكەن، يەتتىنچى كۈنى چىنىدىكى سۇدا توختى جىنتاق بىلەن قۇۋان قاسساپنىڭ كالتەك تۈتقىنىچە قادىرھاجىمنى ئۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشى پەيدا بوپتۇ.

ئامبال شۇ ھامان ئادەم ئەۋەتىپ يۇسۇپ كالىنى چەمبەرچاس باغلاپ ئەكەلگۈزۈپتۇ ۋە سۇدا نېمە كۆرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— بىر تال چىۋىن كۆردۈم،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يۇسۇپ كالا.

ئامبال يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ. بىراق، يۇسۇپ كالا ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بۇنىڭغا چىن پۈتمەپتۇ، ئۇلار «سۇدا ئەكس ئەتكەندەك قادىرھاجىمنى ئۆلتۈرگەن قۇۋان قاسساپ بىلەن توختى جىنتاق، شۇڭا شۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، يۇسۇپ كالىنى قويۇپ بېرىش كېرەك»، دەپ جار سېپتۇ، بىراق، سېلىمخان يۇسۇپ كالىنى ئۆلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ.

ئامبال ئاخىر يۇرت ئۆلىمالىرىنى يەنە يىغىپ مەسلىھەت ئاپتۇ، ھېلىقى قېرى ئۆلىما يەنە مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

—پۈتۈن قەشقەر خەلقىنى يىغىپ چوڭ بىر كېڭەش چاقىرماق لازىمدۇر.

- كېڭەش ئۈستىدە بىر ھېكايەت سۆزلەپ، شۇ ھېكايەتتىن سوئال تاشلاپ، خەلقنىڭ جاۋابىغا بېقىپ ئاندىن بىر نېمە دېمەك كېرەكتۇر. خالايىقنى يىغىڭلار! قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار.

ئۆلىمانىڭ گېپى بويىچە قەشقەردىكى بارلىق ئادەملەرنى چوڭ مەيدانغا يىغىپتۇ. قېرى ئۆلىما كۆپچىلىككە شۇنداق ھېكايەت باشلاپتۇ ۋە مۇنداق سوئال تاشلاپتۇ:

— بىر باخشى بىر قۇشنى باقتى. قۇشنى سالجىغا سالدى، قۇش سالجىنى ئالدى. باخشى قۇشقا سالجىنىڭ بىر تامچە قېنىنى چوقۇتتى، سالجىنىڭ ئۇۋالى قۇشقا بولامدۇ ياكى سالجىغىمۇ؟

مەيداندا مۇلاھىزە قايناپ كېتىپتۇ، بەزىلەر سالجىنىڭ ئۇۋالى باخشىغا بولىدۇ، دېسە، بەزىلەر قۇشقا بولىدۇ، دېيىشىپتۇ. ئارىدىن ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن بىر بوۋاي جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۆلىما بوۋاينىڭ سۆزلىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ.

بوۋاي دەپتۇكى:

—باخشى قۇشنى باقتى، قۇشنى سالجىغا سالدى ھەم سالجىنىڭ بىر تامچە قېنىنى قۇشقا چوقۇتتى. بۇ ئىشلار قۇشنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، باخشىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى، شۇڭا سالجىنىڭ ئۇۋالى باخشىغا بولۇشى كېرەك.

قېرى ئۆلىما بۇ گەپنى ئاڭلاپ كېڭەش ئەھلىگە شۇنداق سۆز ئېيتىپتۇ:

—يۇسۇپ كالا قۇۋان قاسساپ بىلەن توختى جىنتاقنى لۈكچەك قىلىپ باققۇچى، قادىرھاجىمنىڭ ئۆلۈمى يۇسۇپ كالىنىڭ ئۇنى سارىخان سەتەڭدىن كۈنلەپ قىلىشىدىن بولغان. قادىرھاجىمنىڭ ئۆلۈمى يۇسۇپ كالىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، شۇڭا قادىرھاجىمنىڭ ئۇۋالى كالىغا بولىدۇ. ئۆلىما شۇلارنى دەپ خالايىققا قاراپ:

—خالايىق مېنىڭ ھۆكۈمىم توغرىمۇ؟- دەپ سورىغان ئىكەن، پۈتۈن قەشقەر خەلقى بىردەك «توغرا» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپتۇ. بۇ سادانىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن پۈتۈن قەشقەر بىر قېتىم تىترەپ توختاپتۇ.

ئەتىسى چېرىكلەر يۇسۇپ كالىنى باغلاپ كوچىغا ئېلىپ

چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بويىنىغا بىر تاختاي ئېسىپ تاختايغا: «قادىرھاجىمنى ناھەق ئۆلتۈرگەن قاتىل يۈسۈپ كالا» دەپ يېزىپتۇ. ئارقىسىغا بىر تاختاي ئېسىپ تاختايغا: «يۈسۈپ كالا بۈگۈن چۈشتە قەشقەردىكى ئەڭ ئېگىز 12 بالداقلىق دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. كۆرگۈچىلەر جازا مەيدانىغا بېرىڭلار» دەپ يېزىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە يۈسۈپ كالىنى قەشقەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا سازايى قىلىپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

يۈسۈپ كالىنىڭ مەتياقۇپ دېگەن بىر ئاكىسى بار ئىكەن. ئۇ جازا مەيدانىغا بارىدىغان يولدا چېركلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— يۈسۈپ بەگ نەشە چېكىشكە بەك خۇمار ئىدى. ئۆلۈش ئالدىدا قانغۇچە بىر چېكىۋالسا...

چېركلەر ماقۇل كۆرۈپتۇ. مەتياقۇپ ئالدىن تەييارلىغان چىلىمنى ئەكېلىپ يۈسۈپ كالىنىڭ ئاغزىغا تەڭلەپتۇ. يۈسۈپ كالا نەشىنى خۇماردىن چىققۇچە چېكىپ بولۇپ ئاكىسىغا قاراپ مۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

دەردىم ئاڭلا مەتياقۇپكا،
خەتەر يەتتى جانلارغا.
سېغىنىپ سالام دېگىن،
يەتمىش ئىككى يارلارغا.

چېرك باشلىقى:

—بۇ نېمە دېگىنى؟ ـ دەپ سورىغان ئىكەن، مەتياقۇپ دەپتۇكى:

—قەشقەردە 72 سەتەڭ بار. ئۇلارنىڭ 71 ى بىرگە تەڭ. سارىخان ئۆزى بىرگە تەڭ، شۇ 72 سەتەڭنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ بەگنىڭ ئىلكىدە، ئۇلارنىڭ بارلىق تۇرمۇش خىراجىتى نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ يۈسۈپ بەگدىن بولىدىغان. شۇلارغا سالام يەتكۈزۈڭلار، ـ دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چېرك باشلىقى:

ـ نېمە دېگەن گۇناھىغا توۋا قىلمىغان ئادەم بۇ! ـ دەپ غەزەپلىنىپ يۈسۈپ كالىنى ھەيدەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ، ئەڭ ئېگىز 12 بالداقلىق دارنىڭ سىرتمىقىنى يۈسۈپ كالىنىڭ بوينىغا سېپتۇ.

يۈسۈپ كالىنىڭ زۇلۇمىنى كۆپ كۆرگەن قەشقەر خەلقى ئامبالدىن بۇرۇن «تارت» دەپ ۋارقىراپتۇ. يۈسۈپ كالا تارتىلىپ 5 ـ بالداققا كەلگەندە قاياقتىندۇر سارىخان پەيدا بولۇپ، ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ ۋە ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن يۈسۈپ كالىغا قاراپ مۇنداق نەزمە توقۇپتۇ:

بوداپ باققان بوز ئاتىڭدا،
كۆككە قاراپ ئۇچساڭچۇ.
توشقان بولۇپ قاچساڭچۇ،
باغرىمنى ئېچىپ تۇرسام،
كېلىپ مەيدەمگە قونساڭچۇ.

بوينۇڭدىكى سىرتماققا،
مەن بوينۇمنى ساپايمۇ؟
ئامبال دېگەن مايماقنى،
ملتىق بىلەن ئاتايمۇ؟

ئامبال بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەر غەزەپ بولۇپ «تارت» دەپ ۋارقىرىغان ئىكەن، يۈسۈپ بەگنىڭ بېشى دارنىڭ 12 ـ بالدىقىغا ۋاققىدە تېگىپتۇ، كاللىسى قاپاقتەك چىقىلىپ، مېڭىسى قېتىقتەك يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. توختى جىنتاق بىلەن قۇۋان قاسساپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

سىلىمخان بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، قەشقەر خەلقىگە قادىرھاجىمغا ئاتاپ چوڭ نەزىر بېرىپ ئاندىن قادىرھاجىمنىڭ جەسىتىنى كەشمىرگە ئەپكېتىپتۇ. جەسەتنى يەرلىكتە قويۇپ، قادىرھاجىمغا كاتتا مەقبەرە ياساتىپتۇ. مەقبەرە بېشىغا «قادىر كەشمىر» دەپ ئالتۇندىن ھەل بېرىپ خەت يازدۇرۇپتۇ.

2006 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇكېرىم راخمان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى 1983 ـ يىلى نەشرى. 388 ـ بەت.

② ، ③ ئوسمان ئىسمائىل «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 1 نەشرى. 667 ـ ، 668 ـ بەتلەر.

④ ، ⑤ گۇننار. ياررىڭ (شۋېتسىيە) «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات جەۋھەرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 145 ـ بەت.

⑥ گىن—ئاداۋەت، ئاراز، خوتەن شېۋىسى.

⑦ چىگان—قاشا، گوما شېۋىسى.

توپلىغۇچى: ئابدە قاسىم (ئىلى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى لىكتورى فولكلور پەنلىرى ماگىستىرى)

MIRAS



# دۇنيا تىجارىتىدە شەرق ۋە غەرب يۈزلىنىشى

ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان

ئادەم دائىم تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ تۇرىدۇ، چۆمۈلگەن ئاشۇ بىپايان دېڭىز بەزىدە كىشىگە قىممەتلىك دۇنيا مۇلاھىزاتلىرىنى، يېڭىچە ياشاش ئۇسۇلىنى، ئادەمىيلىك روھىدا يېڭى ئويغىنىشلارنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. ئۇچۇر دەۋرى دەپ تەبىر بېرىلىۋاتقان ھازىرقى دەقىقىلەردىمۇ بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزدا مىڭ يىللىق ئەنئەنە يۇراقلىرىنى بايقاپ قالىمىز. بىزگە ئوخشاش رېئاللىققا رىۋايەتلىك تەبىر بېرىپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى زامان مىللىتى ئۈچۈن دۇنيانىڭ مەۋقەسىنى ۋە تىجارەت يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش ھەممىدە خەلقئارا تىجارەتكە بەلگىلىك سالاھىيەت ۋە ماركا بىلەن قاتنىشىش كەلگۈسى مەنزىللىرىمىزنىڭ قوۋۇقىنى چېكىشتە ئۈنۈملۈك چارە بولۇشى مۇمكىن. 21 ـ ئەسىرنىڭ سودا داغدۇغىسى قاپلىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ تىجارەت ئۇسۇلىمىزدىكى ئەنئەنە تەركىبلىرىنىڭ بازارلىرىمىزدا يەنىلا ئورنى بار. بۇ بىزنىڭ يەنىلا ئەنئەنىۋى بازار قۇرۇلمىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنىڭ رېئال ئىپادىسىدۇر. تىجارەت ۋە دۇنيانىڭ ئۇچۇر يۈزلىنىشى ھەر جەھەتتىن جارى ئېتىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر تىجارىتى دەۋرىدە بىر مىللەتنىڭ تىجارەت ئەنئەنىسى شۇ مىللەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئىجابىي ياكى سەلبىي تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغان بولدى. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا تىجارەت قىلىشتىكى مەقسەت پۇل تېپىش دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا، پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر داۋراڭ ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مېلىنى داڭلاش مودىغا ئايلاندى. مالنى داڭلاش، قاپ ئۈستىگە تەركىب چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئۆز تىلىدىكى ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن يېزىش مال ئىگىلىرىدىكى پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى خەلقئارالاشقان تىجارەت ئۇسۇلى بازار ئىگىلەشتىن كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە ئۆتتى. سودىغا ماھىر تىجارەتچىلەر ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى خەجلەيدىغان بولدى. بازارنى كونترول قىلىش ۋە كىشىلەرنى پۇل خەجلەشكە ئۈندەش شىركەت خوجايىنلىرىدىن تولىمۇ ماھىرلىقنى، چېۋەرلىكنى، قۇۋلۇقنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بازار غەۋغاسى ئاددىي ئىستېمالچىلاردا سەگەك ۋە ئېھتىياتچان خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. بازاردا ساختا مالنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇلاردا ساختا مالغا بولغان رەددىيە ئېشىپ باردى. ئۇنداقتا بۈگۈنكى بازار نېمە بىلەن كونترول قىلىنىدۇ؟ بازار يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر بىلەن كونترول قىلىنىدۇ. ئۇچۇر كىشىلەرگە پۇلنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلدۇردى، پۇل ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سۈرئىتىنى ھەممىدە تىجارەتچىلەردە دۇنياۋى سودا ئىلمىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. ئىقتىسادشۇناسلار دۇنيا

ئىقتىسادنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان كىرىم مەنبەسىنى ئېنىقلاپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ
يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىر يىل ئى-
چىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلات بىلەن سېتىپ
چىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق نىسپىي ھالدا تەڭ-
شەلدى. گەرچە بۇ خىل ماسلىق پۈتكۈل دۇنيادىكى را-
يونلارغا ئومۇمىي بىر ئەھۋال بولمىسىمۇ نىسبەتەن توغرا
يۆنىلىش بىلەن ئىلگىرىلەشكە پايدىلىق ئامىللار بىلەن
تەمىنلىدى. سودا غايەت زور ئۇچۇر تورى ئارقىلىق پۈت-
كۈل دۇنيانى رىقابەتلىك پۇرسەتلەر بىلەن باغلاپ تۇر-
سىمۇ ئۇنىڭدىكى ئىچكى مۇۋازىنەت يەنىلا ئادىللىق،
راستچىللىق، ئىشەنچ بىلەن تەڭشەلدى. مەھسۇلات ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە سېتىشتا ساختىلىق قىلغانلار سىقىپ چى-
قىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بازار ئادىل شاللىغۇچى ۋە تالل-
غۇچى بولۇپ قالدى.

غەربنىڭ نەچچە يۈز يىللىق كۆلەملەشكەن بازارلىرى
داڭلىق، سۈپەتلىك بولغان مەھسۇلاتلىرى بىلەن دۇنيا
سودا ساھەسىنىڭ مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ كەلدى.
سانائەتلىشىش بىلەن بازارنى ئېچىش بىرگەۋدە قىلىنغان
بازار مېخانىزمى غەرب دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق سودا ئو-
مۇرتقىسى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى دۇنياسىنىڭ پەخىرلىك
شوئارىغا ئايلاندى. ئۇ جايدا كەشىپ قىلىنغان يېڭى ئى-
لىم - پەن ئىختىرالىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق
ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى پائال يو-
سۇندا سودىغا ماسلاشقانلىقتىن غەربنىڭ يۈرەكلىك سودى-
گەرلىرى تاشقى سودىغا يۈزلىنىپ چەت ئەلنىڭ ئاكتىپ
ئىستېمالىنى جەلپ قىلدى. غەرب ئۆزىنىڭ ئېغىر - يېنىك
سانائەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانى كۆزلىدى. ئۇلار پۈت-
كۈل يەر شارى مىقياسىدا ئۆز ماللىرىنىڭ ئەركىن سېتىل-
ىشىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاش ئۈچۈن توختىماي ئىز-
دەندى. دۇنيا خەلقىنىڭ پىسخىكىسىنى ئىگىلىدى. ھەر
جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ مەھسۇلات ئىشلەپ
چىقاردى. ئۇلار يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن
پايدىلىنىپ بازارنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ تۇردى. مەھ-
سۇلاتنىڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق، سۈپەتلىك، ئى-
شەنچلىك بولۇش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن
قىتئە ئاتلىغان سودا پۇرسىتى غەرب كاپىتالىستلىرىنىڭ
كۆزلىگەن يېرىدىن چىقتى. يېڭى تېخنىكا بىلەن بازار
ئېچىش خۇددى مۇنبەت تۇپراققا زىرائەت تېرىغانغا ئوخ-
شاش مول ھوسۇللۇق بىر ئىش بولۇپ ئۇزاققىچە خىرىس
ۋە رىقابەتتىن خالىي ھالدا بازار تەرەققىياتىنى ساقلاپ
قالالايدۇ. يېڭى تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە پاتېنت قوغ-
دىنىشىغا ئىگە بولۇپ، خەلقئارا بازارغا خەتەرسىز بۆسۈپ
كىرەلەيدۇ. بۇ غەرب ماگناتلىرى نەچچە يۈز يىل بۇرۇن
ھېس قىلغان سودا يۆنىلىشى بولۇپ، بىل گايتىسقا ئوخ-
شاش كاپىتالىزمنىڭ سىمۋوللىرى مۇشۇ يۆنىلىشنى بويلاپ
ئىلگىرىلىگەنلەردۇر. غەرب تىجارەت ئەندىزىسىنى ئۇر-
نەك قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقان دۇنيا سودىسى ئۇچقاندەك
راۋاجلاندى. بىز ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە
قاتارلىق غەرب ئىقتىسادىي يېتەكچى دۆلەتلىرىنى كۆزەت-
كەن ۋاقتىمىزدا ئۇلار قۇرۇپ چىقىۋاتقان يېڭى تىجارەت
بىرلىكى ھەمكارلاشقان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ئا-
ساستىكى سودا مەدەنىيەت چەمبىرىكىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ
خىل تاللاش ئۇسۇلى ئۇزاققىچە يىمىرىلمەيدىغان تىجارەت
مونوپوللۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ياۋروپا بىرلە-
كىنى ئاساس قىلغان ئېلېكترون، نېفت ۋە ئۇچۇر تېخنى-
كىسى دۇنيا بازىرىنى قاپلاش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك
ئورنى ئۇلارنىڭ سودىگەرلىك ئىمتىيازىنى كۆنسېرى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كەلگۈسىدىكى
خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدرىجىي بىر گەۋدىلە-
شىش ئىستراتېگىيىسىنى تاللىدى. گەرچە دوللار خەلقئارا
بازارنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەۋاتقان بىردىنبىر پۇل بىرلە-
كى بولۇپ ئامېرىكىنىڭ سودا مەركەزلىك ئورنىنى ئۇزاق-
قىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ بۈگۈنكى ئۇچۇر بازىرىدا
داۋاملىق پۈت دەسسەپ تۇرالمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا
دوللارنىڭ خەلقئارالىق ئوبوروت ئايلانمىسى ياۋروپا
بىرلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. ئامېرىكا ئىقتىسادشۇ-
ناسلىرى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ دائىملىق بىخەتەرلىك
ھالىتىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن
ماس قەدەمدە چۈشەندۈردى. چۈنكى ياۋروپا بىرلىكى
ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تاشقى پوستى ئىدى. مۇشۇ خىل
تاشقى سەۋەبنىڭ تۈرتكىسىدە ئامېرىكىنىڭ پەخىرلىك
پۇلى دوللار خەلقئارا بازاردىكى ئىناۋەتلىك ئورنىنى ياۋ-
روپا گەۋدىسىنىڭ ئورتاق پۇلى ياۋروغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن دوللارنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى

سىمۋوللۇق ئورنى تەۋرىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئىقتىسادى خىرىسقا دۇچ كەلدىمۇ؟ ياق، ئەكسىچە ئامېرىكا ئىقتىسادى تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. چۈنكى ئەسلىدىنلا دوللار بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن ئامېرىكىلىقلار ياۋرونىڭ ئوبوروت يولىنى يەنىلا ئامېرىكا ئىقتىسادىي ئەندىزىسىگە تەقاسلاپ چۈشەندۈردى. شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا ئىقتىسادىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. بازارنى تەڭشەش ۋە خەلقئارالاشقان بازار مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىش تەدرىجىي بىر گەۋدىلەشكەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يۆنىلىش پروگراممىسى بولۇپ قالدى. ماددىي ۋە ئەقلىي بايلىقلارنىڭ كۈنسېرى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېچىلىشى نەتىجىسىدە رايونلار بويلاپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلەشتى. بازارلار كۆلەملىشىپ پەيدىنپەي خەلقئارا ئەندىزىلەر ئورنىتىلدى. دەرۋەقە سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دۇنيا تىجارىتىنىڭ خەرىتىسىنى ياۋروپالىقلار سىزىپ چىقتى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودا مەپكۇرىسى شۇلارغا مەنسۇپ بولدى. ئۇلار دەسلەپ ئىلىم- پەن ئارقىلىق، ئاندىن تىجارەت ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىغا چىقتى. غەرب تىجارەت روھىنىڭ شىددەت بىلەن قۇرۇلۇشى شەرق ئۈچۈن پۇرسەتتىمۇ، خىرىسمۇ تەڭ ئېلىپ كەلدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا كۆپ قۇتۇپلىشىش سودا ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ «يەر شارىلىشىش» تىن ئىبارەت چوڭ تېمىنىڭ ئىچىگە «غەربلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت مۇددىئانى يوشۇردى. غەربلەشتۈرۈش ئەسلىدىنلا بىر خىل ئۇچۇرچانلىققا ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا تېخىمۇ كەڭ بازارغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. غەربلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ خىل زامانىۋى ئۇقۇم غەربىي يېرىم شار بىلەن شەرقىي يېرىم شار ئوتتۇرىسىدىكى سودا ھەم مەدەنىيەت جەھەتتىكى دىئالوگنى كۈچەيتىپ خەلقئارالىشىشنى راستىنلا ئىلگىرى سۈردى. ۋەھالەنكى، شەرق مەدەنىيىتى بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن كۈچلۈك ئۆزلۈك روھىغا ۋە ئەۋرىشىملىككە ئىگە مەدەنىيەت بولغاچقا، شەرقلىقلار غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت كېڭەيمىچىلىكىگە قارىتا بەلگىلىك تاللاش ۋە شاللاش كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى. غەربنىڭ ئىلىم- پەننى ۋە سودا مېخانىزمىنى تەنقىدىي رەۋىشتە ئۆزلەشتۈردى. ئەمما، شەرق يەنىلا ئۆز پەيلاسوپلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆز مەپكۇرىسىنى ۋە قىممەت قارىشىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شەرق يەنىلا شەرق، غەرب يەنىلا غەرب بولۇپ قېلىۋەردى. غەرب رېئاكسىيونى دائىما شەرق مەدەنىيىتى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ شەرق مەدەنىيىتىدىكى يىتۈكلۈك ئۆزىنىڭ بۇرۇچ تۇيغۇسىدىن چەتنىمىدى. ئەمما بۈگۈنكى زامان ئىلىم- پەنى ھامان غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە ماركا قىلىپ ئىلگىرىلىگەن بولغاچقا، پۈتكۈل يەر شارىدا ئىنگلىز تىلىغا بولغان سەزگۈرلۈك ئېشىپ باردى. ئىنگلىز تىلىدا تارقىلىدىغان ئۇچۇر ئەڭ تېز ھەم ئەڭ كۆپ بولدى. بۇ ئىنگلىز تىلى ئەللىرى ئۈچۈن سودا ۋە سانائەتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولۇپ قالدى. شۇ يوسۇندا مودىغا ئايلانغان ئىنگلىز تىلى دۇنيانىڭ ئىلىم- پەن ۋە سودا تىلىغا ئايلىنىپ كاتتا شۆھرەتلەرگە نائىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شۆھرەتلىك ئۇچۇر تىلى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قىتئەسى ئۈچۈن كۈندە دېگۈدەك ھەددى- ھېسابسىز بايلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. غەرب مونوپول تىجارىتىنىڭ يادروسى بولغان ئىنگلىز تىلى يەنە بىر نۇقتىدىن غەرب مەدەنىيىتى لاگېرىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. دېمەك، غەربلىكلەر تىلىنىمۇ، مەدەنىيىتىنىمۇ، ئىلىم- پەننىمۇ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ خىرىستىئان ياۋروپاسىنى يەر شارىدىكى ھەرقايسى يادرولۇق مەدەنىيەتلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز خىرىس بىلەن ئىپادىلىدى. مانا بۇ غەرب تىجارىتى ئىدى. بۇ خىل تىجارەت شەكلىنى تېخى يەر شارىدا ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت قۇرۇپ چىقالمىغانىدى، بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان بۇ خىلدىكى غەرب مونوپول تىجارىتى ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش شەكلىنى ئۆزگەرتتى. قىممەت قارىشىنى ئەخلاق مۇئەممالىرىغا يات ھالدا پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان قىممەت سىستېمىسىغا ئۆزگەرتتى. ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پۇل ۋەسلىسى بىلەن شەرھلەندى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ يۆنىلىش ئىستراتېگىيىسى پۇل ئارقىلىق تۈزۈلىدىغان دەۋر غەرب تىجارىتىنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ بىر تۈرلۈك غەرب قۇرۇلۇشى بولۇپ نوقۇل تىجارەت ئەمەس، بەلكى مونوپول كاپىتالىزمنىڭ ئىلگىرىلەش ۋە كۈچىيىش پروگراممىسىدۇر. مۇشۇ خىل ئەندىزىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە شەرق دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدا روشەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى

2006.6

ۋە ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بارلىققا كەلگەن بازار قۇرۇلمىسى ياۋروپا ئېلېمېنتلىرىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ياكى ئوتتۇرا شەرق بازارلىرى بولسۇن، غەربنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىغا قىزىقتى. ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن ئۆرنەكلەر ئالدى. ۋەھالەنكى، غەرب سودىسىدىكى مونوپول رىقابەتلەرگە شەرق قانداق ئىپادىلەرنى بىلدۈردى؟ ھەرقانداق شارائىتلاردا غەربنىڭ بازار تەسەۋۋۇرى ئۇلارنىڭ ئىجابىي ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتىمۇ؟ بىز غەرب تىجارىتى چەمبەرىكىدە تۇرۇپ شەرققە نەزەر سالغىنىمىزدا تىجارەت، ھەزارەت ۋە تارىخىي نۇقتىدىن شەرق ئۆزىگە باشقىچە باھا بېرىپ غەربنىڭ تىجارەت لاگېرىدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ كەلدى. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى غەرب دۇنياسى گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا كۈنسېرى ئۈلگىيىپ باردى. غەرب كاپىتالىستلىرى قۇرغان ئېغىر سانائەتنىڭ ئېگىز تۇرخۇنلۇق چوڭ زاۋۇتلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس-تۈتەكلەر ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ خام ئەشيانىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىنى تەقەززا قىلدى. ۋەھالەنكى، غەربنىڭ خام ئەشيالىرى خوراپ تۈگەي دەپ قالغانىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار ئاخىر شەرقنى ئېسىگە ئالدى. راستىنلا شەرق ئۇلارنى كەڭ بازار، پۈتمەس-تۈگىمەس خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. ئۇلار ئاراللار ۋە ئوكيانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ تولىمۇ سىرلىق ئاجايىباتلارغا ئىگە شەرق دىيارىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان مۇستەملىكىلەرگە، بىپايان بازار بوشلۇقىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان مۇجادىلە ۋە سوغۇق دىئالوگ باشلىنىپ كەتتى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا قۇرغان «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ئىدى. غەربنىڭ تىجارەت ۋە ئۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەۋاتقان ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئافرىقا دۆلەتلىرى پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. سادىدا، ئەمما، قېرىلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئامراق شەرق خەلقى غەربنىڭ يەڭگىل، قىزىققان، تەۋەككۇلچى ۋە پۇل خاھىشىغا ئىگە روھىنى ئۇزاق مۇددەت تەنقىد قىلدى. ئۆز سالاھىيىتىنى ئەخلاق ۋە قەدرىيەتلەر بىلەن ئۆلچەپ، قەدىمىي ئېپوس داستانلىرىدىن قەھرىمانلىق شەجەرىسىنى ۋاراقلاپ، غەربنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى تاكى غەربتىن كېلىدىغان ئاشكارا خەۋپنى ئېنىق ھېس قىلغانغا قەدەر ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. تاگورنىڭ ۋەتىنى ھىندىستان، لۇشۈننىڭ ۋەتىنى جۇڭگو، مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ۋەتىنى پاكىستان، جىبراننىڭ ۋەتىنى لىۋان، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ۋەتىنى مىسىر چوڭقۇر سۈكۈتلەرگە باش قويغانىدى. پەيلاسوپلار خەلقنى ئويغاتماق بولۇپ شېكەستىلەنگەن قەلەملىرىنى قوللىرىغا ئالدى. نىھايەتكى، غەرب يەنىلا ئەۋزەل ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى ۋە ئەسكىرىي كونتروللۇقى بىلەن شەرق بازارلىرىنى مونوپول چەمبىرىكىگە كىرگۈزۈۋېلىپ شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ روھى ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرىغا مۇئەييەن بىر مەيداننى قالدۇرمايۋاتاتتى، غەربنىڭ بازار ۋە تېخنىكا كاپىتالى مەزكۇر دۆلەتلەرگە مەدەنىيەت ھەممە ئۇچۇر يېڭىلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يېڭىلىقلار ئۇلارنىڭ تالاي يوقىتىشلىرى بەدىلىگە كېلىۋاتاتتى. غەرب مونوپول كاپىتالىزمى ئۇلارنىڭ يوقىتىش يولىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ئېرىشىش يولىنى تارايتىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا شەرقنىڭ غەمگۇزار پەيلاسوپلىرى ئۆز ئالدىغا تىكلىنىش مەۋقەسىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلارنىڭ شەرق خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى، سۆزلىگەن نۇتۇق-بايانلىرى، ماقالە-ئوبزورلىرى، شېئىرىي پاساھەتلىرى غەربنى تەنقىد قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بۇ خىل تەنقىد غەرب مونوپول كاپىتالىزمىنىڭ شەرقىي يېرىم شارغا بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن ۋە باشقا ھەربىي مۇداخىلىلەر ئارقىلىق ئارىلىشىشىدىن ھەممە شەرقنىڭ شۇ سەۋەبلىك تارتىدىغان زىيانلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. غەربتىن كېلىۋاتقان بۇ خىل خىرىس ئاخىر شەرقنى تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىشقا، روھىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا قىستىدى. تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلگەن شەرق ئىقتىسادىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يۈزىگە چىقىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئىقتىسادىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ پارلاق سەھىپىلىرىدىن كۆرىمىز. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادى تېخنىكا بىلەن تىجارەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆزگىچە بىر ئۇسۇل بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. گەرچە ياپونىيە تېخنىكا ۋە تەرەققىيات يولىنى

غەرب ئەندىزىسىگە تەدرىقلاپ مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنى
كۈچەيتىش يولىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق
ئۆزگىچە ياپون روھىنى قۇرۇپ چىقتى. تاشقى دۇنيـاغـا
مۇستەقىل، تىرىشچان، شۇنداقلا ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان
يېپيېڭى ياپونچە مەپكۇرە بىلەن نەزەر سالدى. ئۇ يېتىلـ
دۈرگەن تىجارەت ۋە تېخنىكا تامامەن ئىشەنچ ئۇستىگە
قۇرۇلدى. مۇشۇ خىل خاراكتېرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن
بۇ يىراق شەرق دۆلىتى ھەم ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ياندىشىپ
تۇرالايدىغان، ھەم ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئۈلگە بولالايدىغان
ھەقىقىي تىجارەت چولپان دۆلىتىگە ئايلاندى. ئۇ، تىجارەت
ۋە ئىلىم ـ پەن جەھەتتە غەرب ئەندىزىسىگە كىرگەن بولـ
سا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتە تىپىك شەرق دۆلىتىگە
خاس قەدىمىيلىكنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. ئېلېكترون
ۋە ئېغىر سانائەت جەھەتتە دۇنياۋى ئۆلمەس ماركىلارنى
ياراتتى. toshida, sharip, toyota, mitsubishi قاتارلىق
ماركىلار madein japan نامى بىلەن خەلقئارا بازارغا
كىرىپ ياپونلارنىڭ پەخىرلىك نامى بولۇپ قالدى. گەرچە
ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەت تىجارەت ساھەسىدە ئۆزـ
گىچە يول تۇتۇپ شەرق ئىقتىساد ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاـ
ۋانگارت دۆلىتى بولغان بولسىمۇ ياۋروپالىقـلار قـۇرۇپ
چىققان ئىقتىسادىي بىرلىك سىستېمىسىدىن ئـىـبـارەت
قورغانغا بۆسۈپ كىرەلمىدى. شۇڭلاشقا ياپونـيـىـنـىـڭ
تېخنىكىۋى مەھسۇلاتلىرى ياۋروپا بازارلىرىـدىن كـۆرە
ئاسىيا بازارلىرىدا ئابرۇيي قازاندى. سىياسىي جەھەتتە ناـ
تو، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپا ئىقتىسادىي گـەۋدىـسى
شەرقنىڭ تىجارەت جەھەتتە خەلقئارالىششىغا كۆپ خىـ
رىسلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچان دۆلەت
ھامان پۇرسەت تاپسىلا دۇنيا خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى قېـ
قىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

بۇ خىل شەرقچە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ھەرىـكـىـتى
كېيىنچە غەربىي ئاسىيا يەنى گۇمانتار جۇغراپىيىنىڭ تەـ
قەززاسى بويىچە«ئوتتۇرا شەرق»، «پارىس قولتۇقى»
ياكى شەرقشۇناسلارنىڭ تىلىدىكى «ئىسلامىيـەت شـەرـ
قى»، «ھىلال ئاي رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان رايونلاردا
راۋاجلاندى. ئۇلار رېئاللىقتا تەن بېرىپ بىر تەرەپتىن
غەربنىڭ سىياسىي مەپكۇرە مۇداخىلىسىگە قارشى كەيپـ
ياتنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب بىلەن بولغان
تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئورناتتى. ئۇلار ئالـ
دى بىلەن ئۆز زېمىنىدىكى نېفت زاپىسىنى غـەربـنـىـڭ
تېخنىكىسىغا تايىنىپ ئېلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىشنى ئالدى بىلەن ئىسلامـ
يەتنىڭ مەركىزى بولغان سەئۇدى ئەرەبىستان يولغا قوـ
يۇپ ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ نېفت ئېلىش توختامى
تۈزدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۇۋەيت، ئىراق، ئىران قاتارلىق
دۆلەتلەرمۇ ئامېرىكا ياكى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بەـ
لەن نېفت ئېلىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تېخنىكا توخـ
تاملىرىنى تۈزۈپ دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى
تۇتتى. بۇ، شۇ چاغنىڭ رېئال شارائىتىدا شۇ دۆلـەتـلـەر
ئۈچۈن ئەڭ توغرا تاللاش يولى بولۇپ قالغاندى. ئۇلار
كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئەڭ چوڭ نېفت ئېكسـ
پورت قىلغۇچى دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى، ئۇلار يەنە
غەربنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش جەريانىدا نېفت بۇرـ
غىلاش، چەككىلەشنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنـ
ۋېلىپ ئاستا ـ ئاستا غەربنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىغا
ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. توختام ۋاقتى
توشقاندىن كېيىن غەربلىك تېخنىكلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە
كەتكۈزۈۋەتتى، ياكى مائاش بېرىپ ئىشلىتىدىغان توخـ
تاملىق ئىشچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نېفتچىلىكنىڭ
مۇستەقىل يولى ئۇلارنى غايەت زور بايلىققا ئېرىشتۈردى.
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە سەئۇدى ئەـ
رەبىستان پادىشاھلىقى دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەر قاـ
تارىغا كىردى. كۇۋەيتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا غەربىي
ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ بايلىققا چۆمۈلۈپ كەتتى. بىر مەزگىل
غەربنىڭ مۇستەملىكە تەھدىتىدە تېڭىرقىغان، يەنە بـىـر
مەزگىل بىدئەت ۋە خوراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقان ئۇشبۇ
قەدىمىي زېمىن، پەيغەمبەر دىيارىغا خاس مەردانە قىياپەت
بىلەن دىنىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارـ
غاندىن كېيىن گۈللەنگەن، روناق تـاپـقـان ۋە غـەرب
خىرىستىئان ئەھلى سەلىپچىلىرى بىلەن سەل پاسسىپ ئوـ
رۇندا بولسىمۇ، ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان ئـىـسـلام
ئەسلىيىتى دۆلىتىگە ئايلاندى. گەرچە بۇ دۆلەتلـەرنـىـڭ
زامانىۋىلىق كەيپىياتىدا غەرب ئېلېمېنتلىرى قويۇق تۈس
ئالغان بولسىمۇ، مەپكۇرە ـ ئېتىقادىدا دىنىي ئىسلاھات
چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرغاندى. بۇ خىل ئىسـلاھـات
روھى ئەڭ بۈيۈك سەمەرىيلەرنى مەيدانغا كـەلـتـۈرۈپ،
مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ قايتا تىكلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاـ
ساس سېلىش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلاردا يېـ
ڭىچە تەپەككۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەرچە بۇ دۆلەتلەر

نېفت ئېكسپورتى بىلەن بېيىپ، بۇ بايلىقنى توغرا يوللارغا سەرپ قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت تۈزۈلمىسىدە يەنە بىر قىسىم نۇقسانلار ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ بۇ قىسمەنلىك بولۇپ، ئۇلار ھەق ئىزدىنىپ ھامان توغرا بىر نىشاندا بىرلىشەلەيدۇ. غەرب ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىقىدىن بىر كۈنى چوقۇم پەيكىسىندۇ.

بىز شەرقنىڭ كۆچىيىش ۋە ئىسلاھات تەپەككۇرىدىكى يەنە بىر پارلاق سەھىپىنى جۇڭگو ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىن كۆرۈمىز. جۇڭگو «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن غايەت زور تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يىراق شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان جۇڭگو ئىقتىسادى ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ دۆلەت دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا كۆپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇزاق مۇددەت بىكىك ھالەتتە تۇرغان بۇ چوڭ دۆلەت دېڭ شياۋپىڭنىڭ «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» دېگەن دانا سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى خەلقئارا سەۋىيىدە تۇرۇپ كۆزەتتى. تىنچلىقتا بىرگە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى شەرت قىلغان ئاساستا كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن تېخنىكا ۋە تىجارەت ئالاقىسىنى ئورناتتى ۋە مۇستەھكەملىدى. غەرب كاپىتالىستلىرى جۇڭگودىن ئىبارەت غايەت چوڭ بازارنى كۆزلەپ جۇڭگو بىلەن سودا ۋە تېخنىكا توختاملىرىنى تۈزۈپ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى. ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيا بازىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. مائارىپ، تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ سېلىنمىسىنى يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئانالىز رامكىسىنى بېكىتىپ چىقتى. دۆلەتنى ئىگىلىك ۋە تېخنىكا ئارقىلىق روناق تاپتۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئەمەلىيەتكە دادىل تەدبىقلىدى. «جۇڭگوچە» دېگەن دۆلەت پروگراممىسى ئارقىلىق «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش» ۋە «غەربلەشتۈرۈش» سۇيىقەستىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇردى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئۇزاق مۇددەت سېجىل ۋە تىنچ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى ئىدى. كۆلەملەشكەن جۇڭگو بازىرى ئاسىيانىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىستىقباللىق ئىستېمال رايونىغا ئايلىنىپ، ياۋروپانىڭ يىراق شەرقتىكى يېگانە رىقابەتچىسىگە ئايلاندى. قانداقلا بولمىسۇن «مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىن»دىن كېيىن ھەر بەش يىللىق دۆلەت پىلانىنى يولغا قويۇپ تاكى 11 - بەش يىللىقچە تىنچ، مۇقىم ھالدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. قىسقىسى، جۇڭگو ئۆتمۈشتىكى جاراھەتلىرىنى ئۈنۈملۈك ساقايتىپ، خەلقئارا بازارنىڭ ئىناۋەتلىك سودا شېرىكىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىقتىسادى بىلەن ئاسىيانىڭ پۇل - مۇئامىلىسى تۇراقلىشىدىغان چوڭ ۋەزىيەت شەكىللەندى.

بىز ياپونىيە تىجارىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ۋاقتىمىزدا ئىنتايىن پۇختا بولغان مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلغانلىقىنى دەپ ئۆتكەندۇق. يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان بولساق، سىنگاپور بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەردۇر. گەرچە سىنگاپور ئۆز دۆلىتىنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىنى ياپونىيەگە تەدبىقلىغان بولسىمۇ، مەپكۇرىسىنى غەربكە ئېچىۋەتكەن دۆلەتتۇر. سىنگاپور تروپىك بەلۋاغقا جايلاشقان دۆلەت بولغاچقا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى پاكىز، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولغان شەھەر دۆلىتىدۇر. شەھەر قۇرۇلۇشى مەنزىرە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ شەھەر ئىنتايىن گۈزەل، پاكىز ئېكولوگىيىگە مەنسۇپ شەھەردۇر. سىنگاپورنىڭ ھېچقانداق تەبىئىي بايلىق مەنبەسى يوق دۆلەت، سانائەت جەھەتتىمۇ دېڭىزدا نېفت بۇرغىلاشنى ھېسابقا ئالمىغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئۇ قانداق قىلىپ كىشىنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرىدىغان گۈزەل، باي دۆلەتكە ئايلاندى؟ بۇ دۆلەت ئالدى بىلەن ئېچىۋېتىلدى. غەربنىڭ تېخنىكىسىدىن كۆرە مەپكۇرىسىنى بۇرۇن قوبۇل قىلدى. دۆلەتنى ئوچۇق - يورۇق باشقۇرۇپ، خەلقنى ئىلغار تەپەككۇرغا يېتەكلىدى. شۇ ئارقىلىق يېپيېڭى بىر تىجارەت يولىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ ساياھەتچىلىك تىجارىتى، ئۇ غەرب مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان غەربلىك دوستلارغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە پاكىز مۇھىتى بىلەن غەرب دۇنياسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. سانائەت تەرەققىياتى بىلەن بېيىپ تىنىپ كەتكەن ئەمما، مۇھىت بۇلغىنىشتىن زېرىككەن غەربنىڭ سەيياھ كاپىتالىستلىرى بۇ توزغا ئوخشاش گۈزەل، تروپىك

بەلۋاغنىڭ مۇسسۇن شامىلى يەلپۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە
شەرق دۆلىتىگە ئېقىشقا باشلىدى. يىلىغا نەچچە مىليون
ئامېرىكىلىق ۋە ياۋروپالىق سەيياھ بۇ دۆلەتتە هالاۋەت
كەيپىنى سۈرۈپ پۇلىنىڭ مېغىزىنى چاقتى. داچىلارنى قۇ-
رۇپ پەسىللىك تۇرالغۇلارنى بىنا قىلدى. دېمەك، ئۇلار-
نىڭ دوللار ۋە ياۋرولىرى مۇشۇ تەلەيلىك دۆلەتكە
خەجلەندى. بۇ خىل ساياھەت تىجارىتى سىنگاپورنى تېزلا
پۇلدار دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ئۆز ئەۋزەللىكىدىن تولۇق
پايدىلىنىپ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن بۇ دۆلەت
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىردىنبىر تەلەيلىك دۆلەت
بولۇپ قالدى. تەپەككۇرنىڭ ئېچىۋېتىلىشى ۋە خەلقئارا
تىجارەت ئەندىزىلىرىنى ئانالىز قىلىش كىشىگە سودىنىڭ
ئەۋزەل تەرەپلىرىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا يەنە ئىككى ئالاھىدە دۆ-
لەت بار، ئۇ بولسىمۇ ھىندونېزىيە بىلەن مالايسىيا، بىز
ھىندونېزىيە بىلەن مالايسىيا ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلغان
ۋاقتىمىزدا، ئۇ ئىككى دۆلەتتىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك-
نى تۇتقا قىلىمىز. ھىندونېزىيە بىلەن مالايسىيا ھەر ئىك-
كىسى نەچچە مىڭلىغان ئاراللار بىلەن باغلىنىپ تۇرىدى-
غان، مەنزىرىسى گۈزەل، جۇغراپىيىلىك ئاجايىباتلارغا
ئىگە ساياھەت دۆلەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار سا-
ياھەتچىلىك كەسپىنى ئاساسلىق چىقىش يولى قىلمىدى.
چۈنكى ئاسىيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ساياھەتچىلىك
كەسپى غەربنى كۆزلىگەن بولىدۇ. ھىندونېزىيە بىلەن ما-
لايسىيانىڭ ئەزەلدىن غەربنى كۆزلەش غەرىزى يوق،
چۈنكى ھەر ئىككىلا دۆلەت ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى
قىلغان مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە دۆلەت بولۇش سۈپىتى
بىلەن، ھەرقانداق بىر غەرب مەپكۇرىسىنى چەتكە قېقىپ
كەلدى. ئۇلار غەربنىڭ ئەخلاق، جىنسىيەت قاتارلىق جە-
ھەتلەردىكى بىھۇدە ئەركىنلىك خاھىشىنى رەت قىلىدۇ.
ئۇلار سانائەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئىسلاھاتىنى غەرب ئەندى-
زىسىگە ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، ئىقتىسا-
دىي ئىسلاھاتىنى غەربىي ئاسىيادىكى مەدەنىيەت، دىن ۋە
ئەقىدە تۇغقاندارچىلىقىغا ئىگە سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇ-
ۋەيت قاتارلىق نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرگە
تەققاسلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. دىنىي ئىسلاھات ۋە ئىج-
تىمائىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر يىلى
ئاشۇ باي بۇرادەرلىرىدىن ئەخۋۋەتلىك ياردەملىرىگىمۇ
ئېرىشتى. ئەتراپىنى بۇددا ۋە كاتولىك دىنىي مۇرىتلىرى
قاپلاپ تۇرغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بۇ ئىككى
غەيرىي ئەرەب ئىسلام دۆلىتى ئۆز ئىگىلىكىنى ئىسلام
ئەسلىيىتى رامكىسى ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىسلا-
مىيەت شەرقىنىڭ يىراقتىكى سۈننىي مەزھىپى نامايەندى-
سى بولۇپ قالدى.

جەنۇبىي ئاسىيادا دائىم بىزنىڭ دىققىتىمىزگە سازاۋەر
بولۇپ تۇرىدىغان ئىككى قوشماق دۆلەت بار، ئۇلار
ھىندىستان بىلەن پاكىستان. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتى-
سادىي ئىسلاھاتى خېلى بۇرۇن باشلانغان دۆلەتلەر بو-
لۇپ، بۇلارنىڭ ئىگىلىك مېخانىزمىدا غەربنىڭ ئىجابىي
ھەم سەلبىي ئاسارەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئەنگلىيىنىڭ
مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ھىندىستان بىلەن پا-
كىستاننىڭ مىللىي ئىگىلىكى مونوپول كاپىتالىزمنىڭ قولىغا
كىرىپ كەتكەنىدى. ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئاسىيادا غەرب
تىجارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «شەرقىي ھىندىستان
شىركىتى» ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ شەرقىي يېرىم شارىغا بول-
غان سودا قورۇقچىلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. كېيىن
غەربكە قارشى مىللىي ئىنقىلابلارنىڭ تۇرتكىسىدە مۇس-
تەقىللىق جاكارلانغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت بىر قاتار
ئىقتىسادىي ئىسلاھات لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىققان بولسى-
مۇ، تەرەققىيات تېز بولمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سە-
ۋەب نوپۇس كۆپ، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى كەمچىل بول-
غان تەبىئىي ھال بىلەن شەرھلەندى. ئەلۋەتتە بۇمۇ بىر
سەۋەب، ئەمما، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب سەل باش-
قىچە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى دۆلەتتە ھىندى دىنى ۋە
ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىن ھۆكۈمرانلىق
يادروسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ جايلاردىكى ھەرقانداق
مەدەنىيەت ئاشۇ ئىككى خىل دىنىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا
يىلتىز تارتقان بولۇپ غەرب تەپەككۇرىنى كۆچلۈك يەك-
لەيدۇ. گەرچە غەرب تەپەككۇرىدا ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق
ئېلېمېنتلىرى تېپىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار بۇ خىل تەپەككۇرنى
قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى غەربلىكلەر ئۇلار ئۈستىدىن بە-
ۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ بۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەز-
گۈرلۈكىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. ئۇلار ئۈستىدىكى مۇنداق بە-
مەھەل غەرب ھۆكۈمرانلىقى ئۇلارغا ئەنئەنىنى ۋە دىنىي
مۇھەببەتنى سىڭدۈرگەن. مىللىي تەپەككۇر ئارقىلىق قۇ-
رۇپ چىقىلغان ئىقتىسادىي ئەندىزىنىڭ نەقەدەر سۆيۈم-
لۈك ۋە مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار غەرب مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرىنى قوبۇل

قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ بولماستىن، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياتلارنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆز مەپكۇرىسىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر قۇرۇلمىسىنى كلاسسىك ئۇدۇملىرىدىن ئىزدەشكە كىرىشتى. گەرچە ئۇلاردىكى بۇ خىل خاھىش مۇتەئەسسىپلىك ۋە رادىكاللىقنىڭ ئىپادىسىدەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مىللىي جەڭگىۋارلىقتۇر. شۇڭلاشقىلا بۇ ئىككى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت خەلقئارالاشقان سودا تورىنى بەرپا قىلىپ چىقالمىسىمۇ ئۇنىڭدىكى روھىي غالىبلىق ۋە يالقۇنلۇق، مەردانە ھېسسىياتتىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار ھامان ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئۆز مەدەنىيىتىنى يادرو قىلغان مەدەنىيەت مەركىزىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىشىنىدۇ. شەرق — ھازىرقى ئۇچۇر تىجارىتى دەۋرىدە پەقەت ئاشۇ روھى بىلەنلا شەرقتۇر.

دۇنيانىڭ تىجارەت يۆنىلىشى ۋە قىممەت مۇۋازىنىتى بۈگۈن ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى رايوندا بولسۇن كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەپەككۇرىغا ئاز بولمىغان يېڭىچە مەسىلە ـ مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدىكى بىر تىجارەت بەلگىلىك قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلدى. قىممەت كىشىلەرنىڭ ياشاش ۋە تۇرمۇش كەيپىياتىدا يېڭىلىق ۋە زامانىۋىلىق ئېلېمېنتلىرىنى پەيدا قىلىپ كىشىلەردە ئالىي ياشاشنىڭ ئۆلگىلىرىنى تىكلەش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. خىزمەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىقتىسادىي ئامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ ئاكتىپلاشتى. ھەرقانداق جايدىن ھەرقانداق نەرسىنىڭ دەۋرلەشكەن سىماسىنى كۆرۈش بۈگۈنكى زامان بىلەن سالاھىيەتلەنگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەققى ۋە ھوقۇقى بولۇپ قالدى. ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن قىممەت يارىتىش ۋە ئېشىندى كاپىتال ئارقىلىق ئۆزىنى كۆچەيتىش كىشىلەرنىڭ ئالىي ھوقۇقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. بايلىق مەزمۇن قىلىنغان رومانتىك تۇرمۇش، ھاياجانلىق دەقىقىلەر، ئىنتېرنېتتىن زوقلىنىش، ئەت بېقىش، داچىلارنى قۇرۇش، ھۇزۇر ئۇسكۇنىلىرى تولۇق سەپلەنگەن ماشىنىلاردا ئولتۇرۇش، مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلىش قىممەت يارىتىشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ تەركىبلىرى بولۇپ، بۇ خىلدىكى يۈزلىنىش ئېقىمى بازار ئىستېمالىنى يۇقىرى قىممەت بىلەن تەمىنلىدى. مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان رىقابەتلىك ھايات مۇئەممىاسى نىھايەتتە يەنە كۆپلىگەن قىممەتكە ئىمكان ھازىرلاشقا مەجبۇر بولدى. دۇنياۋىلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە قىممەت يارىتىش سالاھىيەت تىكلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى. قىممەت ئالدى بىلەن شەخسىي سالاھىيەتكە، ئاندىن مىللىي سالاھىيەتكە ۋەكىللىك قىلدى. مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچ دەل شۇ مىللەتنىڭ مىللىيەت سىستېمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت يارىتىش قىزغىنلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى. يەر شارىدىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەت بۈگۈنكى زامانىۋىلىقنى مودا قىلغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ دەۋرلەشكەن قانۇنلۇق سالاھىيەتلىرىنى تىكلەپ چىقتى. ئۇلار ياراتقان كاپىتال ۋە قىممەت جۇغلانمىسى قانچىكى كۆپ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى سالاھىيىتى شۇنچە روشەن ۋە كۈچلۈك بولدى. غەربىي يېرىم شار ياكى شەرقىي يېرىم شاردىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە مىللىيەت دائىرىسىگە قۇرۇش بىلەن بىرگە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قىممەت ئاساسىدا ئۆلچىدى. شۇ ئارقىلىق سىجىل تەرەققىياتنى ۋە كاپىتال جۇغلانمىسىنى كۈنسېرى ئاشۇرۇپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى يادرولۇق ياكى يادروسىز مەدەنىيەتلەر، شەرق بىلەن غەرب ياكى كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق بىر دىئالوگ ئۆزلىرى ياراتقان ۋە ياراتماقچى بولۇۋاتقان قىممەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئىگىلىك شەكلى كۆپ خىللاشتى. دۆلەتلەرئارا ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋار ئالماشتۇرۇش، تاموژنا كېلىشىمى قاتارلىقلاردا روشەن بۆسۈشلەر بارلىققا كېلىپ، دۆلەت ئاتلىغان تىجارەتلەرنىڭ ئەڭ يېڭى سەھىپىلىرى ئېچىلدى. دوللار، ياۋرۇ، مارك، فوندستېرلىڭ، يېن، رىيال، يۈەن قاتارلىق پۇل بىرلىكلىرىنىڭ ئايرىۋاشلاش ۋە بىرلىكلەر بويىچە سۇندۇرۇش خەلقئارا ئىقتىساد زەنجىرىدىكى تالاي ئۆزۈكلەرنى تۇتاشتۇرۇپ ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنى ئەڭ تېز سۈرئەتلىك باسقۇچلار بويىچە ئىلگىرىلەتتى. دۆلەتلەر ۋە غەيرىي دۆلەتلىك رايونلارئارا ئۇنىۋېرسال كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئەسكىرىي ھازىرلىقلاردىن باشقا مىللىي دارامەت ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قىممەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى. كىشىلەر يېتىلدۈرۈۋاتقان ئاڭ، قىممەت سىستېمىسى،

ئەخلاق قۇرۇلمىسى يېڭى ئەسىرنىڭ ھازىرقى دەۋرىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى دەقىقىسە-
غىچە بولغان جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر ھالقى-
لاردا ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى مەد-
پەئەتدارلىق بىلەن ئىپادىلەندى. 21 ـ ئەسىر تالاي خە-
رىسلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن
ئورتاق بولغان قۇرۇلمىنى، يەنى تىجارەت قۇرۇلمىسىنى
شەرھلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم
كەسىپ ۋە ئەڭ مۇھىم بىر پەن ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم
زاھىر بولدى. بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا دۇنيانىڭ ئىق-
تىسادىي يۈنىلىشى، ئىستراتېگىيىسى، شۇنداقلا غەرب ۋە
شەرق تىجارىتىدىكى مونوپول كاپىتالنىڭ دۆلەت ئىگىلى-
كىدىكى ئورنى ھەققىدە توختالدۇق. بىز بۇ بايانلىرى-
مىزدىن مۇنداق بىر ئەقلىي يەكۈنگە ئېرىشىشىمىز مۇم-
كىن، تىجارەت + قىممەت + ئىمكانىيەت = سالاھىيەت.
دېمەك، مەلۇم بىر سالاھىيەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە شۇ سالا-
ھىيەت بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشى، كەڭ دائىرىلىك پىكىر،
مۇئەممالار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق قايىنام
تاشقىنلىققا تولغان دۇنيا تىجارىتىنىڭ* بىر ئەزاسى بولۇش
يۇقىرىقى ئەقلىي يەكۈنىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. تىجارەت
قىممەتنى شەرت قىلىدۇ، قىممەت تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرگە
يول ئاچىدۇ. ئىمكانىيەت ئاخىر بېرىپ سالاھىيەتنىڭ ئە-
شكىنى قاقىدۇ. مەلۇم بىر خىل سالاھىيەتنىڭ تىكلىنىشى
ئۇزاق مۇددەتلىك بەرقارارلىقنىڭ ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئا-
ساسى بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىقى مۇلاھىزە ۋە مۇزاكىرى-
لەرگە ئورتاقلىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بۈگۈنكى دۇنيا
تىجارەت قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن قانداق مەيھۇملارغا ئې-
رىشتى، قانداق پىكىر مۇلاھىزىلىرى بار؟ بۇ پېقىرغا نا-
مەلۇم. ئەمما، بۈگۈنكى رېئال تىجارەت جەريانلىرىغا
نىسبەتەن يېڭىچە پىكىر ھاسىلاتلارغا ئېرىشىش ئۆزىمىز-
نىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تىجارەت تەرىققىيلىرىمىزنى سېلىش-
تۇرۇش، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تى-
جارىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ زۆرۈر
تاللاش يولىدۇر. مىللىي سانائەت ۋە مىللىي تىجارەتنى
راۋاج تاپقۇزۇش، شۇنىڭغا لايىق رەۋىشتە تەپەككۇر رو-
ھىنى قۇرۇپ چىقىش، مەڭگۈلۈك بايلىق يارىتىش ۋە
كاپىتال جۇغلانمىسىغا ئېرىشىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلىدۇر.
ئەزەلدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل بۇلىقى ماددىي بايلىق
مەنبەسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. تەپەككۇرنى يېڭىلاش،
مەنىۋى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش، بۈگۈنكى دەۋر
خەلقئارا تىجارىتىنىڭ يۈنىلىش پروگراممىلىرىغا ئۇيغۇنلە-
شىش—نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىجارىتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش
يولىدۇر. بىزنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىمىزدە ئەزەلدىن دا-
ۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تىجارەت ئەنئەنىمىز بار. يىپەك
دېڭىز يوللىرى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ياۋروـ ئاسىيا چوڭ
قۇرۇقلۇقى ئارىسىدا مۇھىم تىجارەتلەر بۈيۈك كارۋان
يوللىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانىدى. گۈللەنگەن قارا-
خانىيلار خاندانلىقىدىن تاكى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى مەزگىللىرىگە كەلگۈچە بولغان ئۇزاق تارىخىي
جەريانلاردا يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، مېتال تاۋلاش،
ساپالچىلىق ۋە فارفۇر بۇيۇملار، مەدەنلەرنى ئايرىش
(يەنى كىمياگەرلىك) ۋە ئېسىل ئۇيغۇر تېبابەت دورىلى-
رىنىڭ سودىسى كارۋان يوللىرىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان
مۇشۇ ئەزىز دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە سىرتقى جاي-
لارغا چىقىرىلغانىدى. شۇ دەۋردىكى ئىلغار قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك تېخنىكىسى بويىچە توقۇلغان مەشۇت ئەتلەس-
لەر، نەپىس گىلەملەر دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىدە ئىدى.
قەشقەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن ھەيۋەت كارۋان توپلىرى
ئارقىلىق ئېلىپ مېڭىلغان ئېسىلماللار ئىستامبولدىن
باغدادقىچە، بۇخارادىن تېھران، ئىسپاھانلارغىچە توشۇ-
لۇپ، ئۇشبۇ ئەللەردە زىبۇزىننەت، دورا ـ دەرمەك، يې-
پەك، گەزلىمە، نەپىس بۇيۇملار تىجارىتىنىڭ ئۇزۇن كا-
رىدورىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەدىمىي تىجارەتنىڭ
نۇرانە ماكانى بولغان ئەزىز دىيارىمىزنىڭ بۈگۈنكى تى-
جارەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنى قەيەردىن
باشلىشىمىز مۇمكىن؟ دەرۋەقە ھازىرقى دۇنيا تەرەققىيا-
تىنىڭ تېزلىك فورمىسى ئۆتمۈشنى ۋە ئۆتمۈشتىكى شاھانە
سەلتەنەتلەرنى كەسكىن رەت قىلىپ، پەقەت بۈگۈنكى
دەقىقىلەردىكى غالىبلىقنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۈگۈننىڭ كۆ-
زىدىكى ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى مەۋھۇم زامان ئۇقۇمى
بولۇپ، بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلا تارىخ ۋە كەلگۈسىنىڭ
غەلىبىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر
تىجارىتى ئەلۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى
تاشقى پوست قىلغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ. ئىسلاھات ئېچى-
ۋېتىش ئېلىپ كەلگەن يېڭى تەپەككۇر ۋە يېڭىچە (جۇڭ-
گوچە) بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى جۇڭگو ئىقتىسادىدا
غايەت زور ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. چەت
ئەلنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق
يېڭىچە تەرەققىيات مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىش شۇ

ئارقىلىق جۇڭگو تىجارىتىنى كۆلەملەشكەن دۇنيا بازىرىغا يۈزلەندۈرۈش، جۇڭگو ئىسلاھاتى ۋە ئېچىۋېتىشىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىدى. نىھايەتكى، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئاخىر خەلقئارا بازارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ جەرياندا جۇڭگو ئىچكى سودا يۆنىلىشىدە نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش، يۆلەش سىياسەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ شەرقىي رايونلار، جۈملىدىن ئىقتىسادى ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈردى. شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق جايلار ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىن ئىبارەت خەلقئارالاشقان بازارنىڭ جۇڭگو قوينىغا قايتىپ كېلىشى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاسىيا ئىقتىساد يۆنىلىشىدە بالداقمۇ بالداق ئۆسۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. مۇشۇ خىل ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى غەربىي رايونلار ئىقتىسادىغا، جۈملىدىن رايونىمىز شىنجاڭغا قانداق تەخىرسىز مۇئەممالارنى ئېلىپ كەلدى، «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» ئىستراتېگىيىلىك پىلانى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ تاشقى تىجارەت يۆنىلىشىدە قانداق ئورۇن تۇتتى، مىللىي ئىگىلىكنىڭ نامايەندىسى بولغان مىللىي كارخانىلار بۇنىڭدىن قانداق نەپ ئالدى؟ گەرچە ئىقتىسادىمىزنىڭ يۆنىلىش پروگراممىسىنى ئالدىن بەلگىلىيەلەيدىغان ئىقتىسادشۇناسلار تېخى بىزدە مەيدانغا كەلمىدى. ئەڭ ئەقەللىيسى، شىنجاڭنىڭ پاختىسى دۇنياغا داڭلىق بولسىمۇ، ئاشۇ پاختىنى تېرىپ ئۆستۈرگەن دېھقان قېرىنداشلىرىمىز ئۆز پاختىسىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى باھاسىنى بىلمەيدۇ. ھەتتاكى ئۆز پاختىسىنى قايسى شىركەتكە، قايسى خوجايىنغا ساتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

21 ـ ئەسىردىكى سودا روھى ــ سودا تاكتىسى، شۇنداقلا سودا سەنئىتىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. ئۆز يېرىنىڭ، ئۆز يېرىدىن چىققان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمايدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا ئۆزىگە خاس ماركا يارىتىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق بازارغا كىرىشنى ئويلىمىغاچقا، پاختا، بۇغداي، قوناق، يەل ـ يېمىش، سەي ـ كۆكتات قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ساتقاندا ھېچقانداق ئۇچۇرغا ۋە بازار ئەھۋالىغا دىققەت قىلماستىن، قارا تىجارەت ئارقىلىق سودا قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەھەللىۋى تىجارىتىدە شەكىللەنگەن قاراڭغۇ بازار ئاسانلا قۇۋ خوجايىنلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا مونوپول تىجارەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان تەئەللۇقاتىدىن ھېچقانچە نەپكە ئېرىشەلمەي كۆڭلىرىنىڭ سېرىقتال ئۆتۈشىگە شۈكۈر قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىممەت يارىتىش ۋە رەھىمسىز بازار رىقابىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىكى بۇ خىل ئاجىز پسىخىكا بىلەن كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى دېھقانلار دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ تاۋارلاشقان، ماركىلاشقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا كىرگۈزۈپ تازا ئوبدان نەپكە ئىگە بولدى. بىر قىسىم ئالدىن بېيىغان دېھقانلار يېڭى ئۆيلەرگە، داچىلارغا كۆچتى. ئەمما رايونىمىز جەنۇبىدىكى دېھقانلار كېسەك ئۆيلەردىن قۇتۇلالمىغان شارائىتتىكى «يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى»دا ئۆزى مەبلەغ چىقىرالماي ئىككى يېرىم ئېغىزلىق پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىشتىمۇ ھۆكۈمەت ياردىمىگە تەلمۈرۈشتى. غەمخورلۇق ۋە ياردەم ھېچقاچان مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىش، بازار ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش ئارقىلىق مۇستەقىل ئىگىلىك ۋە بازار قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش خارلانماي ياشاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چىقىش يولىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ۋە ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ بازار ئىگىلەش، تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، خام ئەشيا بازىلىرىنى بەرپا قىلىپ چىقىش قاتارلىق باسقۇچلار ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتلىرىنى ماركىلاشتۇرۇپ كۆلەملەشكەن ئىناۋەتلىك بازارنى شەكىللەندۈرۈپ، مەملىكىتىمىز بازارلىرى ئارقىلىق خەلقئارا بازارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتالىسا، بىرقەدەر بىخەتەر بولغان ئىگىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ چىققان بولىدۇ. ناۋادا مۇشۇ بۈيۈك مەقسەتلەر كەلگۈسى ئون يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۇيغۇر بازىرى (uyghur markiting) خەلقئاراغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل تەبىئىي مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيا خەلقىگە تەقدىم قىلالىشى مۇمكىن.

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ئۆزخان تاللا بازىرى ئۆزخان چىش سېلىش ـ داۋالاش ئورنىدا)

# كۈلكە داۋانلىرى



(بىئوگرافىك ئوچېرك)

ماخمۇت مۇھەممەد

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## 5 ـ باب. ئۆرۈمچى سەپىرىدە

غۇلجىنىڭ نوۋىگورد مەھەللىسىدىكى چىرايلىق ھويلىلارنىڭ بىرىدە تۇرىدىغان نائىل خۇشچاقچاق يىگىت بولۇپ، بىر سورۇندا ھېسامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ھېسامنىڭ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت قىلىپ مېڭىشىغا نائىلنىڭ نەچچە قېتىملىق تەكلىپى سەۋەب بولدى.

«ئىتتىپاق تىياتىرى»دىكى ئارتىسلارنىڭ بىر قىسمى شتاتلىق، يەنە بىر قىسمى شتاتسىز، ۋاقىتلىق بولۇپ، ھېسام كېيىنكىسىگە تەۋە ئىدى. ئۆمەك ئارتىسلارغا مۇقىم مائاش تارقىتالمايتتى. مۇقىم شتاتنىڭ ھەممەيلەنگە ھەل بولۇپ كېتىشى نامەلۇم ئىدى. شۇنداق ئەھۋالدا بىر مۇنچە سەنئەتچىلەر مۇقىم كەسىپ، خىزمىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى. ھېساممۇ ھەم شۇ كويدا ئىدى ئەلۋەتتە.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامغا ئۈرۈمچىدىن بىر خەۋەر كېلىپ يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى ئىقتىدارلىق ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىدىكەن، درامىدا ياخشى رول ئالالايدىغانلار تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىنالايدىكەن... بۇنى ئاڭلىغان ھېسام ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەلىينى سىناپ كۆرمەك بولۇپ نەچچە قىزىپ، نەچچە يالتايدى. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقان، ئانىسى ھەسەلخانمۇ خۇددى رەھمەتلىك ئېرىگە ئوخشاش ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بوپقالغانىدى. ئۇ ھېسامنىڭ يىراق جايلارغا كېتىشىگە چىدىمايتتى...

سايرامدىن ئۆتۈپ، ئۇتەيگە سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى تاشلىق يولدا، ئىككى يېرىم توننىلىق «گاز» ماشىنىنىڭ دىمىق كابىنكىسىدا ئولتۇرغان ھېسام ئالدى تەرەپكە تىكىلگىنىچە شۇلارنى ئويلايتتى، ئاسما مايكىسىنى مەيدىسىگىچە كۆتۈرۈۋەتكەن، بۇدرە چاچلىق نائىل تاتارچە ئاھاڭغا توختىماي ئىسقىرتىپ كېلىۋاتاتتى، بىر چاغدا تۇيۇقسىزلا ناخشا باشلىۋەتتى:

قارلىغاچنىڭ ئى قاناتى،
نىگە سىگىز بولماغان.
بۇ دۇنيانىڭ ئى راماتى،
نە تىگىز بولماغان.

«مونۇ نوغاي ئىچمىدىكىنى تاپتى - ھە؟» دەپ ئويلىدى ھېسام مۆگىلىنىپ، كۆز ئالدىغا ئورۇقلاپ كەتكەن ئانىسى، ئۇكىلىرى كەلدى.

- ھېسام ئاغا، مەن كابىنكامغا ئارتىسنى باستىمۇ، سوپۇنىمۇ؟ گەپىرمەيسىزمى؟ - نائىل شوپۇر ناخشىسىنى توختىتىپ، ھېسام بىلەن يەنە چىقىشتى. ھېسام چۆچۈپ، نائىلغا قاراپ، كۈلۈمسىرىدى.

- جىرلا نائىل، يەنە بىر جىرلىغىنا، ئۇندىن كېيىن مەن تازا قىزىق گەپ قىلىپ بېرىمەن.

- بىزدە جىر كۆپ، - نائىل ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، يەنە باشلىدى:

ئاتام مىنى، ئانام مىنى،
ئاق بىشىككە بۆلەگەن.
ئۆمرى بولسىن دىپ تىلەگەن،
بەختى بولسىن دىمەگەن...

ماشىنا چۆلدە چايقىلىپ، گۈركىرەپ ماڭماقتا. ئۇزاقلاردا تۆگىلەر مىدىرلىماي تۇرىدۇ. قاق ئاپتاپتا مۇددەتتىن بالدۇر پىشىپ، سارغايغان شۇۋاق غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر شامالدا باشلىرىنى تىنماي ئىرغىتىپ «ئامال يوقتە، ئامال يوقتە» دىگەندەكلا قىلىدۇ. ھېسامنىڭ كۆزلىرى ئىككى ياندىكى ئادەمسىز دالادا قۇلىقىغا «ئۇرا» سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولىدۇ. بۇ يەرلەردە ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەزىمەت جەڭچىلىرى جەڭ قىلغان، ئىسسىق قان تۆككەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەر ئىچى ئوردا مەھەللىلىك قارا كۆز يىگىتلەرمۇ بولغان...

- ئىندى نوبەت سىزگە كەلدى، - نائىل يەنە بىر قېتىم ھېسامنى خىيالدىن سەگىتتى، - قېنى، ماشىنىنىڭ كىرا پۇلىنى تۆلەڭ!

ھېسام نائىلنىڭ ئەپلىك چاقچىقىدىن كۈلدى.

- يامان نوغاي جۇمۇسەن، نوغايىنگىغۇ ھەممىسى يامان!

نائىل كۈلۈپ كەتتى.

- قېنى ئەمىسە نوغايىنى بىر كەلتۈرگىنە!

- بولىدۇ، - دىدى ھېسام گەپ باشلاپ، - بىر نوغاي موللام بازاردىن قۇربانلىققا قوي سېتىۋاپتۇ. قوي يولدا ماڭماي تۇرۇۋېلىپ، موللامنى جىلە قىلىۋېتىپتۇ. ئاچچىقى تازا كەلگەن موللام ئۆزىنى باسالماي قوينى تولىمۇ يامان تىل بىلەن تىللىۋېتىپتۇ ۋە دەرھال پۇشايمان يەپتۇ. توپىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىرىغان قوي بىر ئاز مېڭىپلا يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن موللام قوينى ھېلقىدەك يەنە بىر تىللىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئەمما بايىقى پۇشايمىنى يادىغا كەپتۇ. كېيىن:

- شۇندەي بىر نېمىگە ئوخشەيسەنكى، ئەيتۇرگە بولمى دەپتۇ، قانداق، بولامدىكەن؟

نائىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- بولمىغاندا! «ئەيتۇرگە بولمى» دىگەن پاراڭ شۇنىڭدىن قالغان ئىكەندە؟ يەنە يوقمۇ قىلىنراقى؟

- ئۆزۈڭمۇ شۇ قىلىنغا ئامراق، - ھېسام كۈلۈپ كېتىپ، يەنە ئىككى لەتىپە سۆزلەپ، نائىلنى كۈلدۈردى. بۇ لەتىپىلەرنى ئوردا مەھەللىلىك چوڭلار شىرىپىدىن ئەلەم كەيپى چاغ ۋاقتىلىرىدا ئوقۇپ بېرىدىغان «ئالتە بارماق» دىگەن تاتارچە كىتابتىن ئاڭلاشقان ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارىلىپ، ھېسامغىچە يەتكەنىدى.

ھېسام ئۇرۇمچىدە نائىل ياتقان بىر مال ئىسكىلاتىنىڭ شوپۇرلار ياتقىدا تۇردى. ئاخشاملىرى ئۇ ھەر تەرەپتىن يىغىلغان شوپۇرلارنى قىزىق گەپلەر بىلەن كۈلدۈرەتتى. كۈندۈزلىرى بازار ئايلىناتتى. ئۇرۇمچى ھېسامغا ئوخشاش مۇساپىرلارنى قوينىغا سىغدۇرۇپ كېتىدىغان بەرىكەتلىك شەھەر ئىدى. ھېسام بۇ شەھەرگە كېلىپ نەچچە كۈندىن كېيىنلا بىر يۇرتلۇق، ھەتتا بىر مەھەللىلىك تونۇش - بىلىشلەرنى تېپىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللىي ئارمىيە سېپىدىن كەسىپ ئالمىشىپ، ھەر بىر ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان ئۆزى ياش، مەنسىپى كاتتا غۇلجىلىقلار كۆپ ئىدى. ئوقۇشقا كەلگەنلەرمۇ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مۇئەللىمچىلىك ۋە باشقا خىزمەتلەردە قېلىپ قالغانلارمۇ، ئوقەت قىلغىلى كېلىپ تۇرۇپ قالغانلارمۇ بار ئىدى. يېرىم



ھېسام قۇربان غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا.



ھېسام غۇلجا شەھىرىدىكى 2002 ـ يىللىق قۇربان ھېيت بەزمىسىدە.

ئاي ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ھېسام ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىپ قالدى. نائىل بۇ ئارىدا يۈك بېسىپ غۇلجىغا نەچچە بېرىپ كەلدى. ھېسام ئۇنىڭدىن ئائىلىسىگە دۇئايى ـ سالام ۋە ئازراق پۇل ئەۋەتىپ، سورۇنلارغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان غۇلجىلىقلار، جۈملىدىن زىكرى ئەلپەتتا، ھۆسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا قاتارلىقلار ھېسامنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز قاراشلىرىنى ئېيتتى. ھېسام خەۋەر ئاڭلانغان چاغدىلا دەرھال كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئادەم قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشىپ، ئۆمەكلەرنىڭ شتاتلىرىمۇ توشۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ يۇرتداش بۇرادەرلەر ھېسامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تەدبىر ئويلاشتى. ئاخىر ئۇلار ھېسامنى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان بولدى. ئولتۇرۇش بىر مۇزىكانتنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سۈرلۈك نازىرى ھېسامنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى كۈلمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھېسام سورۇندا ئولتۇرغان ھەممە ئادەمنىڭ خېلى نامى بار سەنئەتكارلارنىڭمۇ ھېلىقى نازىردىن ئەيمىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۆزىمۇ دەسلەپتە نازىردىن تەپتارتىپ ئولتۇردى. بىر نەچچە رومكا گېلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياشلىقىغا ئېلىپ «گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭنى ئايىما» قىلىۋەردى. سۈرلۈك نازىرمۇ ئاخىر بىر نەچچە قېتىم بېرىلىپ كۈلۈۋەتتى.

ئولتۇرۇش ئۆز يولىدا تۈگىدى. باشقا گەپ ـ سۆزمۇ بولمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن نازىر بىر خادىمى ئارقىلىق ھېسامنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

ھېسام نەچچە خىل خىياللار بىلەن نازىرنىڭ ھەيۋەتلىك قوبۇلخانىسىغا كىردى. نازىر كۆرۈۋاتقان ھۆججىتىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ھېسامنى شىرەسى يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇشقا ئىملىدى. ھېسام كرېسلوغا شۇنداقلا ئولتۇرۇشىغا ئۆزىنى چوڭقۇر بىر يەرگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـ نېمە بولدۇڭ ھېسام، تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟ ـ نازىر ئەجەبلىنىپ سورىدى.

ـ تېخى مومىغىزنىڭ قورسىقىغا ئولتۇرۇۋالدىممىكىن دەپتىمەن، ـ دېدى ھېسام كرېسلونى قولى بىلەن بېسىپ قويۇپ، نازىر ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

ـ يارايسەن ھېسام، يارايسەن، ئىتتىككەنسەن!

نازىر ھېسامنىڭ ئۇدۇلىدىكى كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى، پاپىرۇس تۇتاشتۇردى. كېيىن ھېسامغا قاراپ سۆز باشلىدى:

ـ ماڭا قارا ھېسام، ئەھۋالىڭنى يولداشلار ماڭا ئېيتتى. ئۆزۈڭنىمۇ كۆردۈم. تالانتىڭ بار ئىكەن. بۇ يەردە ئۆمەكلەر ئاساسەن تولۇقلىنىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنى خەلق سەنئەتچىسى دەيمىز. ئەلنەغمە، فولكلور ھەممىسى خەلق سەنئىتىگە تەۋە. مېنىڭچە سەنمۇ يەردە قالمايسەن. ئارتۇقچىلىقىڭنى جارى قىلدۇرغىن، تىرىشقىن. مەن ئىلىدىكىلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، سېنى مۇقىم، ئالاھىدىلىكىڭنى جارى قىلدۇرغۇدەك بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن.

نازىر تاماكىسىنى بىر نەچچە شورۇۋېلىپ، يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئىلى بىر خاسىيەتلىك زېمىن، مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ بۆشۈكى. بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىڭ، تەلىيىڭ جۇمۇ ھېسام! بۇ ئېسىل زېمىندىن ئايرىلما، سەن شۇ يەردە كۆكلەيسەن.

ھېسام سۈرلۈك نازىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى كۈلۈمسىرىدى، كۆڭلىدىكى چىگىشلەرمۇ يېشىلىپ كەتتى. كۆزىگە مەدرىس كوچىسى، ئوردا مەھەللە، قايناق تاشلەپكە، ئىلى دەريا بويى، مەشرەپ سورۇنلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇ تاپتىلا ئىلىغا قايتقۇسى كېلىپ كەتتى.

نازىر ۋەدىسىدە تۇرۇپ ھېسامغا يول خىراجىتى ۋە خېلىلا كۆپ تۇرمۇش پۇلى، بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ھەل قىلىپ بەردى. ئىلىنىڭ مەدەنىيەت باشقارمىسىغا ھېسامغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە ئۆز قولى بىلەن خەتمۇ يېزىپ بەردى. ھېسام نازىرغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى ـ دە، قايتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگىمۇ تۆت ـ بەش ئاي بولغانىدى. يېقىندىن بېرى چۈشلىرى بۇزۇلۇپ يۈرەتتى.

ئەمدى گەپنى ئۇلى تەرەپتىن ئاڭلايلى. ھېسام ئۇ‌ۋـ
رۇمچىگە كەتكەندىن كېيىن ھەسەلخاننىڭ كېسىلى بارغانـ
سېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا قاتناش، ئالاقە
ۋاستىلىرى قالاق، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى
جاھاننىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىدەك بىلىنەتتى. ئۆيـ
دىكىلىرى شۇنچە قارىسىمۇ ھېسامدىن دېرەك بولمىدى.
ھەسەلخاننىڭ ئاغرىقى ئېغىرلاشقانسېرى بالا ـ ۋاقىلىرىمۇ
قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتاتتى. قۇربان تىرىچىنىڭ غۇلجا
ناھىيە گەمە يېزىسىدىكى ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرى بۇ بىر
ئائىلە كىشىلىرىنى مەجبۇرىي دېگۈدەك ئۆز يانلىرىغا
ئەپچىقىپ كەتتى. ھويلا ـ ئارامنى مەھەللە ـ كويغا تاپىلاـ
دى.

ھەسەلخان گەمىگە چىقىپ ئىككى ئايچە ياتتى. ئۇ
ۋاقىتلاردا ئۆيكە كېسىلىگە ئاساسەن ئامال يوق ئىدى. ئانا
يەتتە بالىسىنى ئۆپچۆرىسىگە ئولاشتۇرۇپ تۇرۇپمۇ نەچـ
چە كۈن ئىشىككە تەلمۈرۈپ ياتتى. بىچارە مەزلۇم كۆز
قارىچۇقىدا چوڭ ئوغلى ھېسامنىڭ مەسۇم چىرايى قېتىپ
قالغان پېتى بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

ھېسامنى غۇلجىدا مۇسىبەت كۈتىۋاتاتتى. ئۇ ئۈرۈمـ
چىگە بارغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدى، ئازاب چەكتى.
گەمىگە چىقىپ ھازىدار تۇغقانلىرى، بويۇن قىسىپ قالغان
ئىنى ـ سىڭىللىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. خېلى بىر چاغلارـ
غىچە قولى ئىشقا بارماي يۈردى. بىراق جاھاندارچىلىق
يەنىلا كىرەك، ئوچاق ئەجدىھاسى تىنماي دەم تارتىپ
تۇراتتى. قىرقى نەزىردىن كېيىن ھېسام بىر نەچچە ئۇكـ
سىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. قايتىشنى خالىمىغان
ئىككى ئىنىسى گەمىدە قالدى ۋە كېيىنچە شۇ زېمىنىدا
يەرلەشتى. بۇزۇلغان قۇش ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالغان بۇ
ئائىلىدىكى بالاپانلار ئاستا ـ ئاستا ئۆز قىسمەت يوللىرىغا
چۈشتى.

ھېسام نەچچە ئايلار ئادەم ئايىغى تەگمىگەن ھويلاـ
سىدا ئۇزاققىچە مۈگىلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېھرىبان
ئانىسىنىڭ دىدارىنى ئاخىرقى دەملەردە كۆرەلمىگەنىدى.

ئۈرۈمچىدىن كېلىپ بىرەر ھەپتە كېيىن ھېسام مەدەـ
نىيەت نازارىتى نازىرىنىڭ خېتىنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت
بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى. ئانىسىنىڭ روھىغا ياغ
يۇرۇتۇش، ئۈرۈق ـ تۇغقانلارنىڭكىگە پاتىھە قىلىش دېـ
گەندەك ئىشلىرىنى ئالدىرىماي تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ
تىياتىرغا يەنە قاتناشقا باشلىدى. سەنئەت ئۆمىكى دېگەندە
ئويۇن قويغان، ۋەزىپە ئىجرا قىلغان چاغلاردا ئارتىسلارغا
دەم ئېلىش، ھېيت ـ ئايەممۇ يوق. بىكار چاغلاردا بولسا

«نەگە باردىڭ، نېمە قىلدىڭ؟» دەيدىغان ئادەممۇ تېـ
پىلمايتتى. ھېسام بىلەن بىرگە ئۆمەككە كەلگەن، ئۇنىڭـ
دەك تېخى شتاتسىزلاردىن نەچچىسى كېتىپ قالغانىدى.

ھېسامنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن خېتى جانغا ئەسـ
قاتتى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت بۆلۈمى مەسئۇلىنىڭ خېتىنى
ئېتىبارغا ئېلىپ، ھېسامنى شۇ كۈنلەردە ئادەم تولۇقلاۋاتـ
قان غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يوللاپ بەردى.
شۇنداق قىلىپ ھېسام بىر كېچىدىلا ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ
ئادىمى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن خۇش بولدى. ئانىسى
يوق ھويلىدا تۇرۇش ئۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە مۈشكۈل ۋە
ئازاب تۇيۇلىدىغان بوپقالغانىدى. ھېسام ئۆيدە قالغان
ئۇكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى جايلاشتۇرۇپ،
نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ـ دە، جىلىلىيۈزىگە
يول ئالدى. بۇ دەل 1958 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئىدى.

ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ باشلىقى ئوسمان ۋەسدۇللا
خىزمەتكە يارىشا ياسىنىپ ـ تۈزىنىپ يۈرىدىغان چىڭگىز
ئادەم ئىدى. ئۇ ھېسامنىڭ قولىدىن ۋىلايەتنىڭ يوللانما



قەغىزىنى ئېلىپ ئۇزاق سىنچىلاپ ئوقۇدى ـ دە، بېشىنى
كۆتۈرۈپ كىيىم ـ كېچەك، تەقى ـ تۇرقى غەيرىيلا ھېسامغا
تازا قانائەتلەنمىگەندەك بىر ھازا قاراپ كەتتى. كېيىن بېـ
شىنى رۇس پاسونىدا ئىرغىتىپ قويدى.

ـ گىرىممۇ كەتمىگۈدەك ساڭا، ـ دەپ غۇدۇڭشىدى.
ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە ھېسام پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى.

ئوسمان ۋەسدۇللانىڭ ئەكسىچە ئارتىسلار ھېسامنى
تولىمۇ قىزغىن كۈتىۋالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھىيە
مەركىزىدىكى تونۇلغان ئەلنەغمىچى، ناخشىچىلار، قالغانـ
لىرى يېقىن ـ يىراق يېزىلاردىن ئابرالنىڭ تۆت قاسنىقىـ
دىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدىن يېتىلىپ چىققان مەھەللە
سازەندىلىرى ئىدى. ئايال ئارتىسلار، بولۇپمۇ ئۇسسۇلـ
چىلار ئاز ئىدى. ھېسام بىر كۈنگە يەتمىگەن ئارىلىقتا
يېڭى خىزمەتداشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، نەچچىسى بىلەن

سەنلىششكە ئۆتۈپ كەتتى. ئارتىسلارنىڭ بەزىلىرى ھېسامنىڭ نامىنى، قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاشقانىدى. مۆمىن ئىسىملىك شوخ ۋە ھەييار تەمبۇرچى يىگىت كۆنچى مەھەللىدىكى بىر مەشرەپتە ھېسام بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغانىكەن. ئاز كۈندىن كېيىن ھېسام ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ «مۆمىن بۆرە» دەپ لەقەم قويۇۋالدى.

ـ شۇ كۈنى چاقچاقنى قالتىس قىلىۋەتتىڭ جۇمۇ، ھېسامكا، ـ دېدى مۆمىنجان باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شەھەردىكى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى قېقىتىپ، ـ شەلكىلىرىڭ تېقىمغا سىيىپ ئولتاردا!

ـ ھە، شەلىك دېگەن بىر پاي پوغا يارىمايدىغان نېمىلەر دېسەڭا! ـ ئاردىن بىرى ئاڭسىزلا گەپكە لوقما سالدى ـ يۇ، خاتاسىنى بايقاپ، بىر قىزىرىۋالدى، ـ راسلا، سىزمۇ شەلكىتىڭىز ـ ھە ھېسام، رەنجىمەيسىزدە ئەمدى، داڭگال دېگەن مۇشۇنداق تۈزلا بىز!

ـ ئارتىس داڭگال دېگىنە، ـ ھېسام چاقچاق قىلدى، ـ بۇگۈندىن باشلاپ مەنمۇ شۇغۇ، مانا!

ھېسام يىگىرمە نەچچە ئەزاسى بار بۇ كولىكتىپقا شۇ تەرىقىدە قوشۇلۇپ كەتتى.

غۇلجا ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ ۋەزىپىسى ھەر قاچان ۋەزىيەتكە باپ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلارغا سەييارە ئويۇن قويۇپ شۇ مەزگىلدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىڭ تەشۋىقاتىغا ئۇنۇملۇك ماسلىششتىن ئىبارەت ئىدى. ئادەم ئازلىقى، ئارتىسلار كەسپىي ساپاسىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ يوقلۇقى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، تەييارلىنىدىغان نومۇرلار كىچىك ھەم ئاددىي بولۇپ، خەلق سەنئىتى ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى. ئاز ـ تولا ئىجادىي نومۇرلارمۇ بولاتتى، بىراق ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايتتى. ھېسام ئىشلىگەن ئۈچ يىل مابەينىدە ئۆمەك زور غەيرەت كۆرسىتىپ «ئانارخان» درامىسىنى تەييارلاپ، ناھىيە تەۋەسىدە ۋە



ھېسام كەسپداشلىرى بىلەن بىللە.

سەھنىسى بار بىر نەچچە يېزىدا قويغانمۇ بولدى.

ئوسمان ۋەسدۇللا ھېسامنىڭ قانداق نومۇرغا چىقىدىغانلىقى، چىقالايدىغانلىقى ھەققىدە تالاي باش قاتۇردى.

ـ خوش ھېسام، نېمە رول ئالالايسەنا؟ ناخشا ئېيتەسەن؟ ياق، ئاۋازىڭ يوق! (ھېسام كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى) ساز چالسەن؟ ياق، بۇ قابىلىيەت سەندە يوق!

ـ كۆزەتچىلىك قىلايمكىن ـ يە؟ ـ ھېسام قىلىچە تارتىنماستىن ئۆمەك باشلىقىنىڭ جېنىغا تەگدى.

ـ جىم! ـ ئوسمان ۋەسدۇللا ئۆيكىدەك قىزىرىپ كەتتى، ـ مېنى مازاق قىلماقچىمسەن؟ مەنچۇ، رومان ئوقۇيدىغان ئادەم، رومان (ھېسام ئورنىدىن لىككىدە تۇردى) ئولتار، ۋىلايەتتىن ئەۋەتكەن ئادەمنى كۆزەتچىلىككە سالىدىغان بېشىم ئۇنمۇ مېنىڭ؟ بولدى، تاپتىم، لەپەرگە چىقسەن ھېسام، ئىشنى لەپەردىن باشلايمىز.

ـ بىراق مەن ناخشا ئېيتالمىسام؟ ـ دېدى ھېسام تېڭىرقاپ.

ـ سەھنە سىرتىدا باشقىلار ئېيتىپ بېرىدۇ، سەن ئاغزىڭنى مىدىرلىتىپ تۇرساڭ بەس. سەن قىزىقچى ئەمەسمىدىڭ؟ خوش، لەپەرگە قىزىقچىلىق كىرەكقۇ؟ مانا، ساڭا لايىق رولنى تاپتۇقمۇ؟ تاپتۇق. ھازىرچە شۇ يېتەرلىك، «مۇسۇلمانچىلىق ئاستا، ئاستا» دەيدۇ. قانداق، ساڭا لايىق رولنى تاپىمەن دېسەم ئۇنۇمايسەن. رومان ئوقۇيدىغان ئادەممەن!

كىچىك يەرنىڭ كىچىكلىكى بار. ئىلى تىياترىدا چوڭ ـ چوڭ كىتابلاردا رول ئالغان، شۇ رولالارغا يارىغان ئادەم، مانا ئەمدى سەھنىگە رول تاپالمىغىلى تاس قىلدى. لېكىن ھېسام مۇنداق ئىشلارغا ئاھ ـ ۋاھ دەپ، باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ھاياتى شۇ مىجەز بىلەن ئۆتتى. بۇنداق ئادەملەرنى باشقىلار «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان» دەپ تەرىپلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھېسام يەنە سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن لەپەرگە چىقىدىغان ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئىككى ئەر ئورۇنلايدىغان لەپەرگە ھېسام يېڭى كەلگەندە بايقىماي «شەلىك دېگەن بىر پاي پوغا يارىمايدىغان نېمىلەر دېسەڭا» دەۋېتىپ قالغان ئابدۇللا ئەسىملىك داپچى ھېسام بىلەن تەڭقۇر ئارتىس ئىدى. ئابدۇللام ناخشىنمۇ خېلى ئوبدان ئېيتىپ قوياتتى. ئۇسسۇلغىمۇ پۇت ـ قولى كېلەتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىگە بىر لوقما پاراڭ قىلمىسا جېنى ئارام تاپمايدىغانلاردىن ئىدى. مىجەزىگە يارىشا ئۇنى ئۆمەكتىكىلەر «ۋاتىرشالىق» دېيىشىپ قوياتتى. ئاشۇ ئابدۇللام بىلەن ھېسام

لەپەرگە تازا جۈپ كەلدى. ھېسامنىڭ ئەسلىدىنلا كۈلكە قوزغاتقۇچى چىرايى ۋە مىمىكىس- تۇرۇشىغا ئابدۇللامنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ ئورۇنلانغان «قارا يورغا»، «بارسا بولاتتى»، «يا دوس» قاتارلىق لەپەرلەر تاماشىبىنلارنى (ئوسمان ۋەسدۇللانىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا زىرىتىللارنى) توختىماي كۈلدۈرەتتى. ساددا، ئويۇنغا ھېرىس دېھقانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشقىنىچە ئۈزئارا قىزىق پاراڭلىشىپ كېتەتتى.

- ۋاھ، ئەجەپ قىزىق ئويناپتىما.

- مۇنۇ يىگىياچىسى كىمۇي، لىپىكى يوقتەكلا ماڭىدا!

- ھاسام دەمدۇ، شەدىن كەپتۇدەك. بىزنىڭ ئۆيدە ئەتكەن چاي ئىچىشكەن، قايىمقداپ تازا...

- شۇ دېدىم، شەلىك پۇرايدىغۇ دەپ، ۋاتىر شالىقىڭ بىلەن تازا جۈپ كەپتۇ!

بۇ چاغدا ھېسام بىلەن ئابدۇللام قىزغىن تەلەپ چاۋاكلىرى سادادسىدا يەنە بىر نومۇرغا چىققان بولاتتى.

بارسا بولاتتى، بارسا بولاتتى،
بىزنىڭ دۆيجاڭ ئېتىزغا بارسا بولاتتى.
ھويلىسىغا زېرىكمەي كاۋا تېرىپ،
سىم كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ،
ئوڭدا ياتماي، ئېتىزغا قەدەم ئېلىپ،
قاشاڭ ئاتنىڭ ساغرىسىغا سالسا بولاتتى.

ناھىيىلىك ئۆمەكتە ھېسام نەچچە يىللىق خىزمەتچىدەكلا يىلتىز تارتىپ كەتتى. ئوسمان ۋەسدۇللا ھېسامنى لەپەرگە تاللاپ خاتا قىلمىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئەدى. پات- پاتلا ھېسامنىڭ ئالدىدا ماختىنىپمۇ قوياتتى.

- قانداق، مېنىڭ كۆزۈم ئادەمنى خاتا تونۇمايدىغانىغا ئىشەنگەنسىلەر؟ لەپەردىن قاس چىقىرىۋەتتىغۇ بۇ ئىككى ئەزىمەت! رومان ئوقۇغان ئادەمدە بىز!

ئەمدىلىكتە ئوسمان ۋەسدۇللا ناھىيە ئىچى ۋە يېقىن- يىراق يېزىلاردىكى ئولتۇرۇش سورۇنلىرىغا ھېسامنى ئېلىۋالىدىغان بولدى. لەپەردىكى قىزىقچىلىقى ۋە ئادەتتە قىزىپ كېتىدىغان پاراڭ، چاقچاقلاردا ھېسامنىڭ نامايان قىلغان قىزىقچىلىق، دەل تېگەر پاراڭلىرى بۇنىڭغا سەۋەب بولغانىدى. شۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئۆمەك باشلىقى تۆردە، يۇرت كاتتىلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇپ، خېلىلا تۆۋەندە ئولتۇرغان ھېسامنى كۆرستىپ ماختىنىۋالاتتى.

- مانا بىزنىڭ يېڭى ئارتىس! ئالامەت ئالغۇر گەپدان. لەپەرلىرىنى كۆرگەنسىلەر؟ رومان ئوقۇيمىزدە بىز!



*ھېسام ئەسلىدىكى سەنئەتچىلەر ئارىسىدا.*

ئۆمەكنىڭ مەخسۇس خادىكى بار ئىدى. ھېلىقىدەك سورۇنلارغا ئوسمان ۋەسدۇللا شۇ خادىكتە يانپاشلاپ (يېنىدا ھېسام) باراتتى. بىر قېتىم ئوينار مەھەللىسىدىكى ئولتۇرۇشتىن يېنىشلىرىدا خادىك بۇزۇلۇپ قالدى. ئوسمان ۋەسدۇللا بىلەن ھېسام ھارۋىكەشنى خادىك بىلەن تاشلاپ پىيادە مېڭىشتى. كېچە ئايدىڭ بولسىمۇ يول ئېگىز- پەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت- بەش رومكا ئىچكەچكە ئەسلىدىنمۇ پاپپاسلايدىغان ھېسام زادىلا ئوڭشاپ ماڭالماي قالدى. ئىچى پۇشقان ئوسمان ۋەسدۇللا پىيادە ماڭغانىنىڭ ئۆچىنى ھېسامدىن ئالماقچى بولغاندەك تېرىكتى:

- نېماندىلاق ماڭسەن ھېسام، ئىلگىرى خېلى تۈز ماڭىدىغاندەك قىلىۋاتاتتىڭغۇ؟

- شۇ ئەمەسمۇ تۇەنجاڭ، - دېدى ھېسام دەرھال، - ئەسلىدىغۇ راۋرۇس ماڭاتتىم، لەپەرگە تولا چىقىۋېتىپ مېڭىشىمنى بۇزۇۋالدىم.

شۇ گەپ تەسىر قىلدىمۇ، ياكى يەنە يېڭى بىر رومان ئوقۇدىمۇ، ئوسمان ۋەسدۇللا ھېسامنىڭ لەپەردىن بۆلەك نومۇرلارغىمۇ چىقىشىغا ئىجازەت بەردى. ئۆمەكتىكى بىرمۇنچىلار ھېسامنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ھېسام سەھنىگە چىقىپ لەتىپە سۆزلەپ، قىزىق چاقچاق پاراڭلارنى قىلىپ بەرسە بۇمۇ يېڭىچە بىر نومۇر بولغۇدەك، دېھقانلارمۇ جەزمەن قىزىقىپ ئاڭلاپ، ئالقىشلايتتى» دېيىشىپ يۈرەتتى. ئەمدى ھېسام شۇنداق رولغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش، بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن سۆزلىگەن چاقچاق، يۇمۇر، لەتىپىلىرى تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈپ، چاۋاكلارغا نائىل بولاتتى.

بىر قېتىم ھېسام ساقال تاقاپ، سەپرا بوۋاينىڭ رولىنى ئېلىپ سەھنىدە قىزىق پاراڭ قىلىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ «خەپ!» دېيىشىگە ياخشى چاپلانمىغان يالغان ساقال قولىغىلا چىقتى. تۆۋەندە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم ھېسامنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ھېسام بۇنى دەرھال بايقىدى. كاللىسىغا شۇ زامان بىر پىكىر كەلدى.

— تۇۋا، قاراڭلار، ئادەم قېرىغاندا ساقالىغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن؟ — دېدى — دە، قولىدىكى يالغان ساقالنى ئالدىرىماي يانچۇقىغا سالدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — ھەر بالا ئىش بولسىمۇ تېرىكمەيدىغان گەپكەن جۇمۇ!

تۆۋەندە گۈلدۈراس ئالقىش ۋە ئاپىرىنلار ياڭرىدى. تاماشىبىنلار ھېسامنىڭ ئەپچىللىكىگە قايىل بولغانىدى.

## 6 — باب. دېھقان ئۆيىدە

ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن قويۇشى كۆپەيگەنسېرى ئابرالىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە، مەھەللىلەردە، سورۇن، ئۆيلەردە ھېسام دېگەن بىر قىزىقچىنىڭ



ھېسام غۇلجىدىكى ئايدۇڭ باغ شىپاڭدا.

بار ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۆز تۇرقى — سىياقىغا ئوخشاشلا كۈلكىلىك ئويۇن، پاراڭلىرى ھەققىدىكى پاراڭلار، كۆرۈپ-تۇرۇشلەر ئاۋۇپ باردى.

— شەدىن كەلگەن ھېسامنى كۆردۇم دېدىڭما؟ كەدىمكىدەك قىزىقچىمىكەن؟

— ۋاھ، مۇنۇ بىزنىڭ مەھەيۇزىدىكى ناسىر پالكۆزنى يولدا قاتلاپ قويۇۋېتىدىكەن دېسەڭ، تولا كۈلۈپ...

— سەن كۆردىڭما؟

— نېمە دەيدۇ، يېقىن ئۆلتۈرۈپ پاراڭلاشتىم.

— شۇ، ئۆزۈڭمىغۇ بىر گەپ خالتىسىدىڭ...

فېۋرالنىڭ ئاچچىق سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېساملار ئارا ئۆستەڭ يېزىسىغا، شۇ چاغلاردا يۇقىرىدىن تولا كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بەرىنى قارشى ئېلىش تەشۋىقات ئويۇنى قويۇشقا باردى. بىرلا ئات قوشۇلغان كۆتەك ھارۋىدا جۇۋا، پاختىلىق چاپانلارنى كىيگەن تۆت ئادەم ناغرا — سۇناي چېلىپ ئۆمەك تەركىبىدىكىلەر چۈشكەن ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. بۇرۇنلىرىغا مۇز قاتقان سۇنايچى سۇنىيىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، ھېسام باش ناغرىدا چېلىۋاتقان «شادىيانە»گە كۈلكىلىك ھالەتتە چىرقىراپ تەڭكەش قىلاتتى. قاتتىق سوغدا ئىككى ياقا ئىككى سۇنايدەك داردىيىپ سوزۇلغان شاپ بۇرۇتى بىلەن قوشقاندا ئۇ ئاغزىدا ئۈچ سۇنايىنى بىراقلا چېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ۋاھ ھاسامدۇنۇي، يەنە پەردە قويغىلى چىقىپ قەپىسلەردە، مەشەلرىڭلار بولدۇ، — مەھەللە تەرەپتىن غورەك جۇۋىغا ئورۇنۇۋالغان، قولاقچىسىنىڭ سالپاڭلىرى لەپەڭشىگەن ئېگىز، قاپقارا بوۋاي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان، سۆزلىگەن پېتى دوڭغۇلداپ كېلىپ، ئۇدۇل كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىدا توختىدى، — تونۇمىدىڭما، ھېپىزكاڭمۇمەن، خۇنخايلىق؟

ھېسام ئادىتى بويىچە بېشىنى «ھە، شۇنداقمۇ؟»غا لىڭشىتىپ قويۇپلا، داۋاملىق ناغرىسىنى تاراڭلىتىۋەردى. ھېپىز ئىسىملىك دېھقان ئاۋازىنى كۆتۈرۈۋەرەك يەنە گەپ قىلدى:

— ۋاي، ۋاي، بىردەم گەپنى گەپكە قوشساڭ ھېسام، يوغان نېمە چالغاندەك، بىردەم توختاپ تۇرساڭ باشلىقلىق جالىۋن بەرمەمدۇ — يە؟

ھېسام ئۆزى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلگىنىچە، ناغرىسىنى توختاتتى.

— ھە گەپ قىلە ھېپىزكا، موخۇركاڭ بارمۇ؟

— ھە، مونۇ گەپنى قىلمامسەن، — ھېپىز بوۋاي يېنىنى كولاپ، چۆچىلىك تاماكا خالتىسىنى ئالدى ۋە ھېسامغا، — ئىككى خورىزىم بار، سويۇپلا پەلەمما قىلمەن.

يېزا يېرى شۇنداق، دېھقان ئۆيىدىكى چاقچاقلار يەنە بىر ئۆيگە كۆچتى. ھېسام ھاياتىنى ئەنە شۇنداق غانجۇغىدىكى ① سورۇنلاردا چىرايلارغا كۈلكە، يۈرەكلەرگە خۇشاللىق بېغىشلاپ داۋام ئېتىپ كەلگەن.

ۋاققاسنىڭ ئۆيىدە مۇزىكا كۆپرەك قىزىدى. ھېسام كەيپىنىڭ كۈچى بىلەن ئىنسانىي ھېسلارغا غەرق بولدى. سازەندىلەر يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇھەببەت ناخشىلىرىغا تەگكەن ئىدى.

بارلىق ھېسسىياتلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش ھېسامنىڭ

ياشلىقىدىمۇ ئۆزىگە يارىشا مۇھەببەت ھېكايىلىرى بولغان.

ئارتىسلار كەچلىك بولۇش سەۋەبلىك رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ھېسام 1959 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى سەنئەت تالانتلىرىدىن بىر نەچچە ئادەمنى ناھىيىلىك ئۆمەككە تەكلىپ قىلىپ ئەپچىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ كەملەردە غۇلجىدا نام - ئاتىقى چىققان مۇزدىكانت، ناخشىچىلاردىن تۇرسۇن چاڭ، مۆيدىن، نىساگۈللەرمۇ بار ئىدى. بۇ بىر تۈركۈم ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆمەكنىڭ كۈچى زورايدى. بىر نەچچە مەيدان يېڭى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىق ئويۇن تەييارلىغاندىن سىرت ئۆمەك يەنە «ئانارخان»، «غۇنچەم»قاتارلىق درامىلارنىمۇ رەپتىس قىلىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

شەھەردىن تەكلىپ بىلەن چىققانلار ئارىسىدا ھېسام «تاپانچىدەك»دەپ تەرىپلىگەن بىر ئارتىس قىزمۇ بار ئىدى.

- كاساپەت يامانمۇ چىرايلىق نەرسە ئىدى ئۇكا، - دېدى ھېسام بىر قېتىم، كۆپ يىللار كېيىن بىر ياتاقتا ياتقان سەلىمجانغا. ئۇلار ئۇرۇمچىدە فولكلور يىغىنىغا قاتنىشۋاتاتتى، - بىرەر يىگىت ئۇدۇل كېلىپ گەپ قىلىشقىمۇ ئەيمىنىدىغان ئۇنىڭغا، مەنغۇ ئۇنداق قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن. بىر قېتىم شۇ قىز ئۆمەكنىڭ ھويلىسىدا يالغۇز تۇرسام كېلىپ مەندىن بىر سوئال سوراپ قالدى.

- ھېسامكا، قاراڭا، بىلەزۈكۈم يارىشىپتىمۇ؟

قارىسام تازىمۇ چوڭ بىلەزۈك «تاپانچا»نىڭ چىرايلىق بىلىكىدە ۋاللىداپ، تېخىمۇ ئېسىل كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم.

- پاھ، نېمە دېگەن چوڭ بىلەزۈك بۇ، قانچىگە ئالدىڭىز؟

- ئالمىدىم، ئالايىتەن نۇسخىسىنى دەپ بېرىپ سوقتۇردۇم. ئىككى مىڭ سومغا توختىدى. يارىشىپتىمۇ؟

- ئالامەت يارىشىپتۇ. ئىسمىڭىزغا تېخىمۇ لايىق بوپكېتىپسىز.

- شاڭخۇ قىلماڭ ھېسامكا، بۇنى سوقتۇرغىنىمغا خېلى بولغان، ئوغرى ئېلىۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ تاقىيالماي يۈرىمەن قاراڭ. بۈگۈن بىر تويغا باراتتىم، شۇڭا تاقىۋالغان. ھېسامكا، سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

- بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، - دېدىم مەن، - بىلەزۈكىڭىزنىڭ بىر ئۇچىغا كۈچۈك باغلىۋېلىڭ.

«تاپانچا» تېلىقىدەك كۈلۈپ كەتتى. كاساپەت، كۈلسە تېخىمۇ چىرايلىق بوپكېتىدىكەن ئەمەسمۇ.

- ۋاي ھېسامكا، ئەجەب قىزىق گەپلىرىڭىز باركەن، مەن قىزىق گەپلەرگە ئامراق. قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەمگە تېخىمۇ ئامراق، - دېدى قىز.

يۈرىكىم جىغلا قىپقالدى جۇمۇ ئۇكا، شۇندىن كېيىن ئىختىيارسىزلا دائىم ئاشۇ «تاپانچا»نى ئويلايدىغان بوپقالدىم. يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىكى ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ، دۈشەنبە ئۆمەككە بارغىچە ئالدىراپ كېتىمەن.

- ئۇچۇ؟ - سەلىمجان ئالدىراپ سورىدى، - كېيىن سىزگە يېقىنلاشتىمۇ؟

- ئىشقىلىپ قىز بالا دېگەنگۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا «تاپانچا» شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا خېلى يېقىنلىشىپ يۈردى. بىر قېتىم سىنىماق بولۇپ:

- نەچچىنچى ئاياغ كىيسىز؟ - دەپ سورىۋېدىم، «تاپانچا»نىڭ خۇشاللىقىدا كۆزلىرى سۈزۈلۈپ، چاقناپ كەتتى.

- سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، جەزمەن!

- ئۇ تەرىپىنى ئېنىق ئۇقالمىدىم، ئىشقىلىپ ئاغزىمنى تۇتۇپ «ئىم» دەپ قالدىم.

- نېمىشقا ئەمدى؟

- «تاپانچا» دەرھاللا «ئوتتۇز ئالتىنچى ئاياغ كىيمەن، لېكىن ئانداق - مۇنداق ئەرزان ئاياغلارنى كىيمەيمەن جۇمۇ، ئىككى يۈز سوملۇقتىن يۇقىرى ئاياغلارنى كىيمەن» دېمەمدۇ قاراڭ. ئىككى يۈز سوم دېگەن بىزنىڭ بەش ئايلىق مائاش ئىدى ئۇ چاغلاردا.

- قەرز - قۇرز قىلىپ بولسىمۇ، شاققىدە ئېلىپ بەرمەي!

- قىزىقكەنسىز ئۇكا، ئاندىن كېيىنزە شامال يەپ، ھاۋا كېكىرىپ يۈرسەمما؟ بىر ئايىغى شۇنچە بولسا، باشقا كىيىملىرى نەچچە بوپكېتىدۇ؟

- ئۇسىغۇ راست، ئۆزىڭىز قانچىنچى ئاياغ كىيسىز دەپ سوراپ قويۇپسىز، كېيىن قانداق قۇتۇلدىڭىز؟



MIRAS

ـ ئوڭايغۇ، مۇنۇ پۇتىڭىزدىكى ئاياغ بەكلا چوڭ كۆرۈنىدىكەن، بۇدا سەل كىچىكرەكنى ئالسىڭىز بولىدىكەن دەپلا قۇتۇلدۇم، شۇ.

بىر مەزگىل «تاپانچا» ماڭا يېقىنلىشىپ، سۈركىشىپ يۈردى. ئويۇن قويغىلى ماڭساق، مەن بار هارۋىغا چىقىپ، يېقىنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، «هېسامكا، قىزىق گەپ قىلىپ بېرىڭا» دەپ. گايىدا ياتىقىمغىمۇ كىرىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر ـ يېرىم يىل مەنمۇ ئاجايىپلا بولۇپ يۈردۇم. بىر كۈنلىرى غەيرەتكە كېلىپ، تەلەپ قويۇپ باقاي دېسەم، ئىش باشقىچە...

ـ قانداق، بۆلەك بىرنى تېپىۋاپتىمۇ؟ ـ سەلىمجان كەڭ، يۇمشاق كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان يېرىدىن ئۆرۈدەپ تۇرۇپ، ئىتتىك سورىدى.

ـ ياشلارنىڭ كاللىسى يامان، هە؟ سىز دېگەندەك باشقا بىرنى تېپىۋاپتۇ. كىم دېمەمسىز؟ هېلىقى تەمبۇرچى مۆمىن بۆرە، كاساپەت بۆرە بىزنىڭ قوزىنى چىشلەپ كۆتۈرۈپ ياماشقا ئۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ!

سەلىمجان هېسامنىڭ بىپەرۋا هالىتىدىن قىزىقسىنىپ كۈلۈۋەتتى.

ـ شۇنىڭ بىلەن قىممەت توپلىيىنى شۇ بۆرە ئېلىپ بېرىپتۇ دەڭ. يە پۇلغا چىقنالماي تېرىسىدىنلا تىكىپ بەردىمۇ؟

ـ تاپتىڭىز ئۇكا، ئۇ تاش بۆرە خەقنى يۇڭىزىلايمەن دەپ يۈرگەن نېمە تۇرسا... نېمە دەۋاتاتتىم، هە، شۇنىڭ بىلەن «تاپانچا»نى بۆرىۋاي بېلىگە قىستۇرۇۋالدى.

هېسام موخۇركىسىنى يەنە ئەپلەشمىگەنلا هەرىكەت بىلەن بىر ئامالاپ يۆگىۋالدىدە، ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ـ بىزنىڭ ئاچچىق ئۇچەيدىكى سىرلارنى بىلىۋالدىڭىزدە، ـ هە؟ يامان بالىكەنسىز!

ـ شۇنىڭ بىلەن، ـ دېدى سەلىمجان بايىقى پاراڭنى هېسامنىڭ يادىغا سېلىپ، ـ «تاپانچا» بىلەن شۇنداقلا ئۈزۈلۈشۈپ كەتتىڭىزمۇ، تەۋەككۇل قارماق تاشلاپ باقمىدىڭىز؟

ـ قىزىقكەنسىز، بۇرۇنمۇ باغلاشقان يېرىمىز بولمىسا، ئۈزۈلىدىغان ـ ئۈزۈلمەيدىغان نەرى بولاتتى؟ ئىشقىلىپ، مۆمىن بۆرە يامان نېمىدى.

ـ تەمبۇرنىڭ مۇڭى چاقچاقنىڭ كۈلكىسىدىن زور كەپتۇ ـ دە!

ـ ما گەپنى قىلىڭ، كېيىن مەنمۇ تاپانچىغا دەۋالدىم، تاق سىز دېگەن گەپنى.

ـ نېمە دېدى؟

ـ نېمە دەيتتى، «بازار چاققاننىڭ» دېدى. دېمىسىمۇ راستە!

ـ ئاندىن كېيىن يەنە باشقىلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىچ ـ پەش تارتىشلار بولمىدىمۇ هېسامكا؟ ـ سەلىمجان هېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.

هېسام ئەتەيىن ئۇزاق بىر ئەسنىۋالدى ـ دە:

ـ سائەت نەچچە بوپكەتتى، يەر تىڭشاپ باقمىزمۇ؟ ـ دېدى.

ئەمەلىيەتتە هېسامنىڭ باشقا ياشلارغا ئوخشاش، بولۇپمۇ هازىرقى قىز ـ يىگىتلەرگە ئوخشاش كەينى ـ كەيندىن ساناپ بېرىدىغان ئىشىق كەچۈرمىشلىرى يوق، ئۇنىڭ ياشلىقى باشقىچە بىر زاماندا، بۆلەكچە دەرد، سەۋدالاردا ئۆتكەنىدى.

«تاپانچا» هەققىدىكى يەنە بىر گەپنى ئۇ سەلىمجانغا سۆزلەپ بەرمىدى. يا ئۇنتۇپ قالدى، يا بەلكىم قەلبىگە دەرد چەككەن بىردىنبىر قىز زاتىنىڭ يامان گېپىنى قىلغۇسى كەلمىدى.

مۆمىن بۆرە بىلەن بىر مەزگىل يۈرۈپ، ئۇنىڭ خېلى پۇلنى كۆككە سورىغان «تاپانچا» ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، سىرتتىن بىرنى تېپىۋالدى. ئۇنىمۇ بىر تالاي يۇڭىزلىغاندىن كېيىن باشقا بىرىگە يۆتكەلدى. هېسامنىڭ قۇلىقىغىمۇ بىر مۇنچە گەپلەر يەتتى. ئوسمان ۋەسىدۇللا كىمدىن تەنقىد ئاڭلىدىكىن، «مۇشۇنداق ئادەمنى شەهەردىن ئارتىسلىققا ئەپچىقتىڭمۇ؟» دەپ هېسامغا زەهرىنى چېچىۋالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆمەكتە «تاپانچا»نى توي قىلغۇدەك دېگەن گەپلەر تارالدى. خەۋەر راست ئىدى. رەپىتىس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا «تاپانچا» ئويناقشىپ هېسامنىڭ يېنىغا كەلدىدە، ناز ئارىلاش:

ـ هېسامكا، توي قىلىدىغان بولدۇم، تويۇمغا نېمە ئاپىرىسىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۆمەك باشلىقىنىڭ تەنقىدى هېلىغىچە كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرغان هېسام ئاچچىقىدا جاۋاب قايتۇردى:

ـ ياخشى سورىدىڭىز، مەنمۇ ئويلاپ قويغان، قېلىن يۈزىڭىزنى شىلىپ نېپىزلىتىدىغان بىر ئىتتىك ئۇسترا ئاپىرىمەن.

هېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاشقا زوقمەن «تاپانچا» بۇ قېتىم كۈلمىدى. چىرايى تاتىرىپ، تاكاسلاپ كېتىپ قالدى.

هېسام هاياتىدا شۇ بىر چاقچىقىغا پۇشايمان قىلىپ

قالدى. بۇنىڭ نازۇك سەۋەبىنى ئوقۇرمەن تۇيۇۋاتسا كېرەك.

«تاپانچا»نىڭ تويىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي يۇقىرىدىن بۇيرۇق كېلىپ، غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىدى. پەرەزلەر ھەر خىل بولدى. ئۇ زامانلار شۇنداق ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمىدىكى بىر باشلىق «ۋاقتى كەلگەندە ئۆمەكنى قۇرىمىز، شۇ چاغدا سىلەرنى چاقىرىمىز» دېدى.

«تارقا ـ تارقاڭ، جىن تارقاڭ» دېگەندەك، ھەركىم ئۆز جېنىنى جايلىدى. ھېسام غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گەمە يېزىسىغا بېرىپ ئورۇنلىشىشنى لايىق تاپتى. چۈنكى ئۇ يەردە مەرھۇم قۇربان تېرىچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا ھېسامنىڭ ئىككى ئۆكىسى بار ئىدى.

گەمىگە مېڭىش تەرەددۇتىدا يۈرگەن ھېسام ناھىيە بازىرىدا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بىر تونۇشى ئۇدۇلىدىن چىقىپ قالدى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئۇ سوراپ قالدى:

ـ ھە، ھېسامدىن ئاداش، يېقىندىن بېرى ئويۇن قويمىدۇقما؟

ھېسام بىر خورسىنىۋېلىپ، جاۋاب قايتۇردى:

ـ ئاڭلىماپسىزدە، ھېسام تارقىلىپ كەتكىنى نېكەم!

(داۋامى بار)

ئىزاھلار:

① غانجۇغا ـــ سەپەر ئۈستىدىكى يۈكلىنىشچان دېگەن مەنىدە.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)





ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئۇبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۆلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: 3829 ـ ISSN1004

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

**E- mail: mirasuyghur@ 126.com**

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئۇيغۇرلاردا سوۋغا بېرىش ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئادەم بىلەن ئادەم ۋە شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىگە خاس ئەخلاق فورمىلىرىنى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. جۈملىدىن، سوۋغات بېرىش ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەخلاقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «سوۋغات ـ باشقىلارغا ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان نەرسە» ① بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ئۆمۈر مۇراسىملىرى ۋە ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىدا سوۋغا ئېلىش ۋە قايتۇرۇش ئادەتلىرىنى ھەر دائىم كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئاپارغۇ، ھەدىيە، تارتۇق، ئىنئام، يادىكار، تەقدىم، سۆيۈنچە» قاتارلىق سۆزلەر «سوۋغات» سۆزى بىلەن مەنا جەھەتتىن ئوخشاش ياكى يېقىن بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز بىر ـ بىرىگە بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئېھتىرامىنى سوۋغاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. سوۋغا بېرىش ئادىتى ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان بولغاچقا قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە بەزى بايانلار بار. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ سوۋغا بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، شۇنداقلا بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇرلاردىكى سوۋغا بېرىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا شەكىللەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «دىۋان»دىكى سوۋغا بېرىش ئادىتى ھەققىدىكى بايانلار بەزى سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن مىسال كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىزنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سوۋغا بېرىش ۋە قايتۇرۇش ئادەتلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، «دىۋان»دا: «بەلەك ـ بولەك، سوۋغات، تارتۇق» ②، دېيىلگەن بولۇپ، بىز ئەجدادلىرىمىزدا بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم سوۋغات بېرىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلالايمىز. يەنە «دىۋان»دا مۇنداق شېئىرىي پارچىمۇ بار:



«مۈز دانچىسىنى ئۇنچە ھېسابلىماڭ،
سوۋغاتنى مانچا دەپ سەزمەڭ.
ئېرىشمىگەن نەرسىگە سۆيۈنمەڭ،
بىلىملىك كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.

سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئۇششاق مۈز دانچىلىرىنى ئۇنچە ـ مەرۋايىت دەپ يۈرمە، سوۋغات قىلىنغان يېمەكنى ئىش ھەققى دەپ سانىما؛ تاپالمىغان نەرسىگە سۆيۈنۈپ يۈرمە، مۇنداق قىلىشنى دانىشمەنلەر ياقتۇرمايدۇ» ③ . بۇ پارچىدا باشقىلار سوۋغا قىلغان نەرسىنى ئىش ھەققى دەپ ئويلاپ قېلىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى، باشقىلارنىڭ سوۋغىسىنى لايىقىدا قوبۇل قىلىش ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. ئۇيغۇرلار يەنە بىرەر ۋەقە ياكى شەخسنى ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش،

تەبرىكلەش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن باشقىلارغا خاتىرە بولسۇن ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى يادىكار قىلىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل سوۋغات بولۇپ، كۆپىنچە يېقىن كىشىلەر ئارىسىدا بېرىلىدۇ. «دىۋان»دا: «خۇمارۇ ـ يادىكار ئەستىلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال ياكى نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ مېلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە ‹خۇمارۇ› دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەر ۋە ئاياللارغا ئىسىم بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۆزۈن سەپەرگە كەتكەن كىشى قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىغا يادىكار قالدۇرىدىغان نەرسىمۇ ‹خۇمارۇ› دېيىلىدۇ» ④دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قېپقالغان مىراسىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئۆز خاقانىغا تەقدىم قىلىدىغان ۋە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغانلار ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يادىكار سۈپىتىدە بىر نەرسە قالدۇرىدىغان ئادەت بولغانلىقى مەلۇم. سەپەرگە ماڭغۇچى ياكى بىرەرسىنى سەپەرگە ئۇزاتقۇچى ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يادىكار، ئەستىلىك سۈپىتىدە بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىدىغان ئادەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغا بېرىش ئادىتىدە كەڭ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەنلەرگىمۇ سوۋغا بېرىدىغان ئادەت بار بولۇپ، «دىۋان»دا: «بوشۇغ — رۇخسەت، خان تەرىپىدىن ئەلچىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە بېرىلگەن رۇخسەت (قەغىزى). ئەلچىگە بېرىلگەن سوۋغىغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ... شۇنىڭدەك ئۆز قېرىنداشلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يىراقتىن كەلگەن ئادەم قايتىپ كېتىدىغان چاغدا ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ، ئاندىن بىرمۇنچە سوۋغاتلار بىلەن ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلىدۇ، ئەنە شۇ زىياپەتمۇ ‹بوشۇغ ئاشى› ‹رۇخسەت ئېشى› دېيىلىدۇ» ⑤دېيىلگەن بولۇپ، تۈركىي خەلقلەردە ئادەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بېرىلىدىغان سوۋغاتلار «بەلەك» سۆزى بىلەن، ئەلچىلىككە كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان سوۋغاتلارنىڭ «بوشۇغ» دېگەن سۆز بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۈركىي تىللاردا ‹سوۋغات› سۆزىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ بار بولۇپ، ئالىم «دىۋان»دا يەنە: «ئارماغان سەپەردىن قايتقان كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسى. ئوغۇزچە. بۇ سۆزنى باشقىلار ‹يارماقان› دەيدۇ. بۇ ‹ئامۇچ سوۋغا› دېمەكتۇر» ⑥ دەيدۇ. باشقىلاردىن سوۋغا ئېلىشنى بىلىپ، سوۋغا بېرىشنى بىلمەسلىك ئادەمگەرچىلىك ئەخلاقىغا يات ئىش. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا «بەرگەن خۇداغا يېقىن، بەرمىگەن گۇناھقا (يېقىن)» دېگەن ماقال كەڭ ئومۇملاشقان. «دىۋان»دا يەنە: «ئەزگۈ» سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئەزگۈ ـ ياخشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا

ھۆرمەت قىلغىن،

سوۋغات ئالساڭ (جاۋابەن)،

ۋاقتىدا قىممەتلىك مال تەييارلىغىن.

ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە؛ ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىك سوۋغا تەييارلا» ⑦ ، «دىۋان»دىكى سوۋغا ئېلىش ۋە قايتۇرۇش ھەققىدىكى بايانلاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا قانداق سوۋغات بېرىش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئادەتلەرنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە قانداق ئۆزگەرگەنلىكى، قانداق شەكىللەرگە ئايىقلاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سوۋغا بېرىش ئادەتلىرىدىكى ئېسىل، ياخشى تەرەپلەرنى ھېس قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئىلمىي ۋە ئەقلىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىز ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر. سوۋغا بېرىش ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغىلى ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. سوۋغا بېرىش ئادىتى ھەممە مىللەتتە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، قىممەت قارىشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئادەت ـ ئۇدۇملىرى ۋە ياشاش مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بېرىدىغان سوۋغاتلىرى ۋە سوۋغا بېرىش ئادەتلىرىدىمۇ مۇئەييەن پەرقلەر ۋە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ئۇيغۇرلاردا سوۋغا بېرىش ئادىتىنىڭ سەۋەبلىرى، بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى ۋە سەۋىيىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بىز بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىگە سوۋغا بېرىش ئادىتى

ئۇيغۇرلاردا مەلۇم بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر سوۋغىلارنى بېرىش ئارقىلىق شۇ خۇش

خەۋەردىن خۇشال بولغانلىقنى ئىپادىلەش ئادىتى بار. مەسىلەن، ئايال كىشى قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يولدىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «بىزنىڭ ئۆيدە يەڭگىسۇن!» دەپ تالىشىدۇ. قايسى ئۆيدە تۇرۇش بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ ئاي كۈنى يېقىنلىشىپ يەڭگىگەندە ئۆزىنىڭ قۇدىسىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەرسىنى ئەۋەتىدۇ. قۇدىلار كېلىنىنىڭ (ياكى قىزىنىڭ) يەڭگىگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ قۇتلۇقلىغاندىن كېيىن، شۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگۈچىدىن سۆيۈنۈپ ھەممە ساق ـ سالامەت يەڭگىگەنلىكىنى تەبرىكلەپ خەۋەر يەتكۈزگۈچىگە پۇل، قەنت ـ كېزەك، ناۋات... قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. بۇ ئادەت خوتەننىڭ قىسمەن جايلىرىدا ساقلانغان.

(2) تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن سوۋغا بېرىش ئادىتى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەرب ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ خرىستىيان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تۇغۇلغان كۈندە سوۋغا بېرىش ئادىتىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالدى. تۇغۇلغان كۈندە شۇ كىشىنىڭ دوستلىرى ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرى ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىدىغان، ئالاھىدە سوۋغاتلارنى بېرىپ ياكى ئەۋەتىپ ئۇنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئىپسىدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە خۇشال قىلىشقا تىرىشىدىغان ئادەت ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشتى. لېكىن يېزىلاردا بۇ ئادەت ئانچە ئومۇملاشقىنى يوق.

(3) ھەر خىل مۇراسىملاردا سوۋغا بېرىش ئادىتى

ھەر خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە ئادەت شەكلى بولۇش بىلەن بىرگە ئىنسان ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ خۇشاللىق ئىشلارنى بىر خىل رەسمىي شەكىل بىلەن خاتىرىلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ ئۆمۈر مۇراسىمى ھەممە كىشىنىڭ ھاياتىدا چوقۇم بولىدىغان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆمۈر مۇراسىملىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كىشىلەر شۇ مۇراسىم ئىگىسىگە مەلۇم سوۋغىلارنى بېرىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەش، تەبرىكلەش ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئادەتكە ئايلانغان.

بۆشۈك تويىدا بېرىلىدىغان سوۋغاتلارمۇ خۇددى نىكاھ تويي مۇراسىمىدىكى سوۋغات بېرىش ئادىتىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈننەت تويىدا سوۋغات بېرىش ئادىتىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇرۇن يېزىلاردا خەتنە قىلىنىدىغان بالا ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەھەللە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلاپ ماڭىدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بالا ئۈچۈن تەييارلىغان تون ياكى بىرەر قۇر كىيىملىك رەخت قاتارلىق سوۋغاتلىرىنى بېرىدىغان ھەمدە بالىنىڭ دوستلىرىغىمۇ بىر تالدىن قولياغلىق سوۋغا قىلىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئادەت تەدرىجىي يوقاپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەتنە قىلىنغان بالىلارغا تۇخۇم، پۇل... دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. ئەگەر يېقىن تۇغقىنى بولسا قىممەترەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ ھەمدە خەتنە قىلىنغان ئوغۇلنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بىلەن قاتارغا قوشۇلۇپ قىيغىتىپ ئوينىشىغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ تويىدا سوۋغا بېرىش ئادىتى ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا ئۆيلەنمەكچى بولغان ئوغۇل قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەلۇم نىسبەتتە قىز مېلى بېرىش ئارقىلىق ئۇ قىزنى ئەدەپ ـ قائىدە ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغان ئادەت ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، «قۇرئان» كەرىمدىكى: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار» ⑧ دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى بىر خىل سودا شەكلىدىكى نىكاھ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا سۈپىتىدە بېرىش ئارقىلىق ئەمرىگە ئېلىش ھەققىدىكى ئەھكاملار ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى دىني ئەخلاق بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ ئىزچىللاشتى ۋە كەڭ ئومۇملاشتى. بىز «دىۋان»دىكى مۇنۇ باياندىن بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ شۇ دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «دىۋان»دا: «يۇفۇش يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يۆتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى

جابدۇپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۆيەۋ تاپار. ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئىززەتلەنگەن كېلىن خۇشخۇي ۋە ئېغىر- بېسىق كۆيەۋگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مالدار كېلىننى تاپقانلىقتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ» ⑨ .

«توي زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغانلار سوۋغات ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنداق توي سوۋغىتىنى ئاياللار كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. توي سوۋغىتى بەزى جايلاردا «بۇسۇت»، «شاۋكۈن»، «مەزە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا توي سوۋغىتى ئۈچۈن بىر- ئىككى مېتىر رەخت ۋە بىر تاختا چاي، ئىككى- ئۈچ بولاق قەنت، چىنە- قاچا، ھەتتا لۆڭگە قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنەتتى. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە توي سوۋغىتى ئۈچۈن بىرەر تىرىك قوي ياكى بىر پۈتۈن قوي گۆشى ئېلىپ كېلىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان» ⑩ ، بۇ ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بەزى جايلاردا بۇسۇت ئۈچۈن نانمۇ ئەكىلىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بىر خون ناننى بىر لېگەنگە تىزىپ ئېلىپ بېرىپ، داستىخاننى ئاچقاندا ناننىڭ ئۈستىگە پۇل قويۇلاتتى. گەرچە توي- مەرىكە ئىگىسىنىڭ بۇ نانلارغا ھېچقانداق ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، نان ئېلىپ بېرىش بىر قائىدە ئىدى. تويلارغا ئېلىپ بېرىلغان نانلارمۇ ئەمەلىيەتتە توي ئىگىسىگە بېرىلگەن سوۋغاتتۇر. بۇ ئادەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يەنىلا ساقلانماقتا. لېكىن شەھەرلەردە كىشىلەرنىڭ سۈننەت توي ۋە نىكاھ تويلارنى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىشى بىلەن تويغا نان ئېلىپ بارىدىغان ئادەتمۇ تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىدى. «ئۇيغۇرلاردا يەنە توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز- يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرگەندە، ئاتا- ئانىسى قىزنى بىر ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئۈزۈك بىلەن ياكى ئۇبدان بىر كىيىملىك رەخت بىلەن تەبرىكلەيدۇ ھەمدە قىزنىڭ قولدىشى ۋە يەڭگىسىگىمۇ ئۆز لايىقىدا سوۋغات بېرىدۇ. يىگىتمۇ قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغاندا قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى يىگىتكە تون ياپىدۇ ھەمدە يىگىت قولدىشى ۋە يىگىت بىلەن بىللە كەلگەنلەرگە ئۆزى ئاتىغان سوۋغاتلارنى بېرىدۇ»⑪ . قىسقىسى، نىكاھ توي مۇراسىمىدا بېرىلىدىغان سوۋغاتلار باشقا مۇراسىملاردىكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىدە قىزلار توي قىلىپ ئىككىنچى تۇغۇتىدىن بۇرۇن جۇۋان تويى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئادەت بار بولۇپ، جۇۋان تويى بولغۇچىنىڭ ئېرى ئايالىغا جۇۋان تويى ئۈچۈن جۇۋانچە كۆڭلەك، جۇۋانچە پەرىجە، ئىراقى، چۈمبەل، غىجىم رومال، جۇۋانچە تەلپەك قاتارلىق كىيىملەرنى ۋە چاچتەڭگە، ئەتىمە چاچ، خىنە قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىدىغان، ئەگەر ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بولسا ئالتۇن زىرە، بىلەزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىدىغان ۋە جۇۋان تويىغا چاقىرىلغانلارمۇ سوۋغات ئېلىپ كېلىدىغان ئادەت بار. بۇ شۇ يۇرتنىڭ سوۋغات بېرىش ئادىتىدىكى ئالاھىدە ئۆزگىچىلىك بولۇپ، بۇ ئادەتتىن سوۋغا بېرىشتىكى يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تويلۇق سوۋغاتلار ئاساسەن پۇلغا مەركەزلەشتى.

نەزىر- چىراغ مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋغا بېرىش ئادىتىمۇ بار بولۇپ، بۇ بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان ۋە ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا چاي ئىچكۈزۈپ، مەلۇم سوۋغاتلار بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بالا- قازاغا سەۋر قىلىشقا ئۈندەش ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) ھېيت- ئايەم ۋە ھەر خىل بايراملاردا سوۋغا بېرىش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي بايراملىرى بولغان قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيتلاردا چوڭلار كىچىكلەرگە، ئەرلەر ئاياللارغا ھەر خىل ھېيتلىقلارنى (مەسىلەن، پۇل ياكى ھېيتلىق كىيىم- كېچەكلەرنى) بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ بېرىلگەن ھېيتلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ھېيتنى تەبرىكلەپ بېرىلگەن سوۋغىلار بولۇپ، بۇ ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بەزى ھاللىق ئائىلىلەر ئۆزىنىڭ قۇربانلىق ماللىرىنىڭ گۆشلىرىدىن ئاجىز، پېقىر، مىسكىن قولۇم- قوشنىلىرىغا مەلۇم نىسبەتتە سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ ھېيتنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم قىلىدۇ. روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خەير- ئېھسانى كۆپ قىلىشىدىغان ۋە بىر- بەرىگە كۆپ سوۋغات بېرىشىدىغان ياخشى ۋاقىتلار ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياشلار يېڭى يىلدا ھەر خىل ئاتكىرىتكىلارنى سوۋغا قىلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلىشىدۇ. بۇنداق ئاتكىرىتكىلارغا كۆڭۈل ئىزھارى ئۈچۈن دوستلۇقنى قەدىرلەش، ساۋاقداشلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى بېيىت ـ قوشاقلار، تەبرىكلەش سۆزلىرى يېزىلغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولغان نورۇز كۈنى بولماستىن، كۆپىنچە مىلادىيە كالېندارىدا يېڭى يىل ھېسابلانغان 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بولۇۋاتىدۇ. ئاتكىرىتكا سوۋغا قىلىش ئامېرىكا ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن بىر ئادەت بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا خېلى ئەۋجىگە چىققان.

كىشىلەر، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى كىشىلەر يىللاردىن بۇيان «سەككىزىنچى مارت ئاياللار بايرىمى»غا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. بايرام كۈنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئوغۇللارنىڭ قىزلارغا سوۋغا بېرىشى، بولۇپمۇ گۈللەرنى سوۋغا قىلىشى بىر ئادەتكە ئايلاندى. يەنە «ئانىلار بايرىمى»، «ئاتىلار بايرىمى»، «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» قاتارلىق بايراملاردا پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىغا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىغا ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا بېرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

(5) مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن سوۋغا بېرىش ئادىتى

كىشى ھاياتىدا ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئىشلار بولغاندا تەبىئىيكى، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرى خۇشال بولىدۇ. بۇ خۇشاللىقنى ئىپادىلەش، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەلۇم سوۋغاتلارنى بېرىش ئۇيغۇرلاردا گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ.

(6) كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن سوۋغا بېرىش ئادىتى

مۇھەببەتلەشمەكچى بولغان ياكى مۇھەببەتلىشىۋاتقان ياشلار كۆپىنچە مەلۇم بىر سىمۋوللۇق مەنىسى بار سوۋغىلارنى بېرىش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ ياكى مەيلى بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇرۇن ئۇيغۇر قىزلىرى بىر جۈپ قۇش ياكى گۈلنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن قولياغلىق، ئۆزى كەشتىلىگەن دوپپا، كانۋاي كۆڭلەك، پوتا (بەلۋاغ)، تاماكا خالتىسى... قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىسە، ئوغۇللار ياغلىق، گۈل، ئۈزۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەپ ئادەتلەنگەن. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئەركىن مۇھەببەتلىشىشنىڭ بىر ئومۇمىي ئادەتكە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، قىزلار ئوغۇللارغا كەمەر، شارپا، گالستۇك، ئەتىر، كىتاب، پورتمال، كىيىم ـ كېچەك، چاقماق، پىچاق ۋە تېلېفونغا ئاسىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشىدىغان، ئوغۇللار قىزلارغا گۈل، ئالبوم، كىچىك مۇزىكا قۇتىلىرى، قونچاق، سائەت، زەنجىر، ئۈزۈك، ھالقا، بۇلاپكا قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى كۆپرەك سوۋغا قىلىدىغان بولدى.

قىز ـ ئوغۇللار بىر ـ بىرىگە سوۋغا بەرگەندە سوۋغات بۇيۇمنى چىرايلىق ئوراپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ سوۋغات بۇيۇمى ئورالغان قاپلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆپىنچە قوش يۈرەك شەكىللىك بەلگىلەر بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر يۈرەكنى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ كەلگەن بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە سوۋغا قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئورىغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك شەكىللىك گۈللەرنى چىقىرىش ياكى بەزى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغاندا يۈرەك شەكىللىك سىخېمىلارنى ئويۇش بىر ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا بېرىلگەن سوۋغاتنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا بىر ـ بىرىنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ، يامانلىشىپ قالغاندا، مەلۇم سوۋغىلارنى ئېلىپ بېرىپ كۆڭۈل قويۇپ، چاي قۇيۇپ، كەچۈرۈم سوراپ يارىشىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، بىر ئەر ئايالى بىلەن يامانلىشىپ قالغان بولسا، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن لايىقىدا سوۋغىلارنى ئېلىپ بېرىپ ئايالىنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە كۆڭلىنى ئېلىپ، باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراپ بېرىلىدىغان سوۋغا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(7) سەپەرگە ماڭىدىغانلارغا سوۋغا بېرىش ئادىتى

ئۇيغۇرلاردا بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ئۇنىڭ قولۇم ـ قوشنا، يېقىن ـ يورۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ۋە شۇ سەپەردىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ يوللۇق (سوۋغات) تۇتىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارچىلىقتىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرى بولغان ھەج قىلىش پەرھىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەج سەپىرىگە ماڭغانلارغا سوۋغا بېرىش

ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ھەجگە بارغانلار ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىگە يوللۇق تۇتقانلارغا تەسۋى، جايناماز، زەمزەم سۈيى، خورما... قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە ئالغاچ كېلىدۇ. كىشىلەر بۇ سوۋغىلارنى «پالانچى ھاجىم ھەرەمدىن ئالغاچ كەپتۇ!» دەپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ.

سوۋغا بېرىشتە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرىمۇ ھەرقايسى يۇرتلاردا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى بەزى يەرلىك پەرقلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، قاشتېشى خوتەننىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى بولغانلىقتىن، باشقا جايلارغا بارغاندا خوتەندە قاشتېشى بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىش بەكرەك ئومۇملاشقان. خوتەندە قىز - يىگىتلەر بىر - بىرگە قاشتېشى بولاپكا، قاشتېشى ئۈزۈك، قولغا ئېسىۋالىدىغان قاشتېشى ۋە باشقا قاشتېشىدىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆپرەك سوۋغا قىلىشىدۇ. خوتەندە يەنە توي سوۋغىسى ۋە ئۆي مۇبارەكلەش ئۈچۈن گىلەم، بىرەر جۈپ كىگىز... قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش ئادەتلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يېزىلاردىكى كىشىلەر بىلەن شەھەرلىكلەرنىڭ سوۋغا بېرىش ئادەتلىرىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە سوۋغا بەرگەندە دىققەت قىلىدىغان بەزى ئادەت ۋە يوسۇنلار شەكىللەنگەن بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئادەتلەرنى دائىم تىلغا ئېلىپ يۈرمىسىمۇ، لېكىن سوۋغا بەرگەندە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن، باشقىلار سوۋغا بەرگەندە، «قانچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ نەدىن ئالدىڭىز» دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا قەتئىي بولمايدۇ. باشقىلار سوۋغا بەرگەندە سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ «سوۋغىتىڭىزغا رەھمەت!»، «مەن ناھايىتى ياقتۇردۇم»، «بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سوۋغات بولدى»، دېگەندەك مىننەتدارلىق سۆزلىرى بىلەن قوبۇل قىلىش بىر ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن. چۈنكى، «رەت قىلىش ئەدىبتىن ئەمەس». سوۋغا بەرگەندە چوقۇم ياخشى كۈن، ياخشى سائەت ۋە ياخشى پەيتلەرنى تاللاپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. سوۋغا بەرگۈچى چوقۇم سوۋغاتنى ئالغۇچىنىڭ كەسپى، قىزىقىشى، ياقتۇرۇشى، يېشى ۋە جىنسى پەرقىگە، ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سوۋغىلارنى تاللىشى ۋە سوۋغىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ۋە مەنىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. مەسىلەن، باشقىلارغا گۈل سوۋغا قىلغاندا گۈل رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە سانىنىڭ جۈپ - تاقلىقى قاتارلىق ئىشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يۈرۈۋاتقان قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا سوۋغا قىلىنغان ئاق ياكى سېرىق گۈل — ئايرىلىشنىڭ، قىزىلگۈل — مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى. گۈللەرنىڭ سانىمۇ مەلۇم بىر مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر تال قىزىلگۈل — پەقەت بىر سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن، دېگەن مەنىنى، بىر جۈپ قىزىلگۈل بىز خۇددى مۇشۇ ئىككى تال قىزىلگۈلگە ئوخشايمىز، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بەرگەن سوۋغاتنىڭ بىلدۈرىدىغان سىمۋوللۇق مەنىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، بولۇپمۇ كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان سوۋغاتلارغا تېخىمۇ شۇنداق. يەنە سوۋغا بەرگەندە سوۋغا ئالغۇچىنىڭ يېشىغا ماس ھالدىكى سوۋغىلارنى تاللاش زۆرۈر. مەسىلەن، كىچىك بالىلارغا ئويۇنچۇق، قونچاق، پارچە پۇل... دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش مۇۋاپىق، لېكىن بۇنداق نەرسىلەرنى چوڭلارغا سوۋغا قىلغىلى بولمايدۇ.

قىسقىسى، سوۋغا بېرىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە مۇھىم رولىلارنى ئوينىماقتا. بەلكىم بىزنىڭ بۇ ماقالىمىزدە خەلقىمىز ئارىسىدىكى سوۋغا بېرىش ۋە قايتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەت - ئۇدۇملار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بەزىسى تىلغا ئېلىنماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز، باشقىلارنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تۇرۇشىمىز ناھايىتى زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

ئىزاھاتلار:

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 638 - بەت.

②، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑨ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - توم، 531، 547، 581، 482 - ۋە 3 - توم 13 - ، 1 - توم، 189 - ، 154 - ، 155 - بەتلەر.

⑧ «قۇرئان كەرىم»، سۈرەنىسا، 4 - ئايەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

⑩⑪ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى، 263 - ، 264 - ، 268 - بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى 2004 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# پارچىلار

2006.6

### سىزمۇ تەگرى بولالايسىز

بوران ـ چاپقۇنلۇق بىر كېچىدە، يىراق تاغلىق كەنتتىكى بىر ئايالنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېرى تۈرمىدە بولۇپ، يېنىدا پەقەت بەش ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئايال ئىنتايىن جىددىيلىشىپ ساقچىغا تېلېفون قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا قاتتىق يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىپ، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى ۋە قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، ئالاقە خادىمى ئۆمەك باشلىقىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۆمەك باشلىقى دەرھال ماقۇل بولۇپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلدى ـ دە، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئايال ئامان ـ ئېسەن يەڭگىدى. بۇ چاغدا ئۆمەك باشلىقى ئايالنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر بالىنىڭ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆمەكتىكى بىر يىگىتكە تېلېفون قىلىپ، دەرھال ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھېلىقى بالىنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتى. يىگىت ئىنتايىن خالىمىغان ھالدا، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلدى ـ دە، بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزدى. بالا كۆزىنى يىگىتتىن ئۈزمەي ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، يىگىتكە:

—ئەپەندى، سىز تەگرىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

بۇ تۇيۇقسىز سورالغان غەلىتە سوئالغا ھەيران قالغان يىگىت:

—نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ ـ دېدى.

—ئاپام دوختۇرخانىغا ماڭىدىغان چاغدا، ـ دېدى بالا، ـ ئۆيدە قورقماي ئولتۇرۇپ تۇرساڭ، تەگرى كېلىپ سېنى قۇتقۇزىدۇ، دېگەنىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن خىجىل بولۇپ، بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن:

—مەن تەگرى ئەمەس، سېنىڭ دوستۇڭ، ـ دېدى.

يىگىت ئۆزىنىڭ بىر كۈنلەردە باشقىلارنىڭ نەزەرىدە تەگرى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بالىنىڭ مەسۇم كۆز نۇرىنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىدە چاقنىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كىچىككىنە ياخشى ئىش باشقىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزسە، ئۆزىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

### ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت

بىر كىشى بىر چايانىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى سۇدىن چىقىرىپ قويماقچى بولۇپ، قولىنى چايانغا ئۇزىتىپتىكەن، چايان شۇ ھامان چېقىۋاپتۇ. لېكىن، ئۇ كىشى يەنە قولىنى سوزۇپتىكەن، چايان يەنە چېقىۋاپتۇ. بۇ چاغدا يېنىدىكى بىر كىشى:

—ئۇ سېنى چېقىۋاتسا، يەنە ئۇنى قۇتقۇزۇپ نېمە قىلىسەن، ـ دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشى مۇنداق دەپتۇ:

—چېقىش چايانىنىڭ تەبىئىتى، سۆيۈش مېنىڭ تەبىئىتىم، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ تەبىئىتى ئالدىدا ئۆز تەبىئىتىمدىن ۋاز كېچىمەن!

### ئالمىنى قانداق بۆلسە تولۇق نومۇرغا ئېرىشىدۇ؟

ئىشچى ـ دېھقانلار پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ 1 ـ يىللىق ماتېماتىكا مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدا، مۇئەللىم مۇنداق سوئال چىقىرىپتۇ:

«ئەگەر سىلەرنىڭ ئۆيدە بەش جان بولسا، بۇۋىڭىز ئون ئالما ئەكەلسە، ھەر بىرەيلەن قانچىدىن ئالما يەيدۇ؟». سوئال ناھايىتمۇ ئاسان ئىدى. بىراق، ئىمتىھان قەغىزى تارقىتىلغاندىن كېيىن، مۇئەللىم قارىسا «10» رەقەمىدىكى «0» چۈشۈپ قېلىپ، سوئال «ئەگەر ئۆيۈڭلاردا بەش جان بولسا، بۇۋىڭىز بىر تال ئالما ئەكەلگەن بولسا، ھەر بىرەيلەنگە قانچىدىن تېگىدۇ»دېگەن سوئال بولۇپ قالغان. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ سوئال مۇئەللىم قەستەن چىقارغان قىزىقارلىق سوئال ھېسابلىنىپ، خىلمۇخىل جاۋابلارنى يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوقۇغۇچى «ھەر بىرەيلەنگە بىردىن ئالما تېگىدۇ»دەپ يېزىپ، يېنىغا يوغان بىر ئالما، ئالما ئەتراپىغا بەش ئېغىزنى سىزىپ قويغانىدى. مۇئەللىم بۇنىڭدىن ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشنى سورىغان، بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى مۇنداق دېگەن:

ئەگەر بوۋام بىر تال ئالما ئەكەلسە، ئالمىنى ھەرگىز ئۆزى يېمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئاغرىق مومامغا بېرىدۇ. موماممۇ ئۇ ئالمىنى يېمەيدۇ، ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان قىز نەۋرىسىگە بېرىدۇ. ئۇ نەۋرىسى مەن بولىمەن، بىراق مەنمۇ ئۇ ئالمىنى يېمەيمەن. مەن ئۇنى گېزىت ساتىدىغان ئاپامغا بېرىمەن. چۈنكى ئاپام پىژغىرىم ئىسسىق، قاتتىق سوغۇقلاردا گېزىت سېتىپ بەكمۇ جاپا تارتىۋاتىدۇ. بىراق ئاپاممۇ ئۇ ئالمىنى يېمەيدۇ. بەلكى ئۇنى دادامغا بېرىدۇ. چۈنكى دادام ھەر كۈنى قۇرۇلۇشتا جاپالىق ئىشلەيدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئالما يېمىگەن. بىراق، مەن بىلمەن، داداممۇ ئۇ ئالمىنى يېمەي بوۋامغا بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئالمىنى ھەممىمىز يېگەندەك بولىمىز.

بۇنى ئاڭلىغان مۇئەللىم ياشلىرىنى تۇتالماي، ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ جاۋابىغا تولۇق نومۇر بېرىپتۇ.

### قوزىنىڭ بويسۇندۇرۇشى

بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى نۇرغۇن قوي بېقىپتۇ.

ئۇنىڭ قوشنىسى ئوۋچى بولۇپ، قورۇسىدا ئىنتايىن يامان بىر ئوۋ ئىتى بار ئىكەن. بۇ ئىت داۋاملىق قاشادىن سەكرەپ قوزىلارغا ئېتىلىدىكەن. چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى نەچچە قېتىم ئوۋچىغا ئىتنى باغلاپ قويۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئوۋچى ماقۇل دەيدىكەن ـ يۇ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئىت يەنە قاشادىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىر نەچچە قوزىنى چىشلەپ يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىنتايىن غەزەپلەنگەن خوجايىن سوتچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سوتچى:

ــ مەن ئوۋچىغا جازا بېرەلەيمەن، لېكىن سەن بىر دوستۇڭدىن ئايرىلىپ، بىر دۈشمىنىڭنى كۆپەيتىۋالسەن، سەن بىر دۈشمەن بىلەن قوشنا بولۇشنى خالامسەن ياكى بىر دوستلۇق بىلەنمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە، دوست بىلەن قوشنا بولۇشنى خالايمەندە! ـ دەپتۇ خوجايىن.

ــ ياخشى، ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەي، شۇ بويىچە قىلساڭ قويلىرىڭمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، سەنمۇ غەلىبە قىلىسەن، ـ دەپ ئۆز ئامالىنى خوجايىنغا ئېيتىپتۇ.

خوجايىن ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، سوتچىنىڭ دېگىنى بويىچە، قويلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ چىرايلىق قوزىدىن ئۈچنى ئېلىپ، ئوۋچىنىڭ ئۈچ ئوغلىغا سوۋغا قىپتۇ. بالىلار ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ، قوزىلار بىلەن بەكمۇ خۇشال ئوينايدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى ئىتنىڭ قوزىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىتنى مەھكەم باغلاپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىننىڭ قويلىرىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشىپتۇ.

### تاۋلىنىش

بىر يىگىت تولۇقسىزدا ئىككى يىل ئوقۇپ، پۇل بولمىغانلىقتىن مەكتەپتىن چېكىنىپ، دادىسىغا ياردەملىشىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئۇ توخۇ باقسا كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دادىسىدىن 500 يۈەن قەرز ئېلىپ توخۇ بېقىپتۇ. لېكىن بىر قېتىملىق كەلكۈندە توخۇلارغا ۋابا تارقىلىپ ھەممە توخۇ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يىگىت كېيىن ھاراق ئېچىتىش، بېلىقچىلىق قىلىش، ھەتتا رودا پارتلىتىشلارغا قاتناشقان بولسىمۇ، پۇل تاپالماپتۇ.

لېكىن ئۇ يەنە كىشىلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ، بىر تراكتور ئاپتۇ، بىراق، يېرىم ئاي بولمايلا تراكتور دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، يىگىتنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ توكۇر بولۇپ قاپتۇ. تراكتورمۇ كاردىن چىقىپ، تۆمۈر ـ تەسەككە ئايلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى ئەمدى تۈگەشتى، دەپ قاراپتۇ.

لېكىن، ئۇ كېيىن قولىدا 200 مىليون مەبلىغى بار چوڭ بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورىغا ئايلىنىپتۇ. مۇخبىر ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇنىڭدىن:

ــ شۇنداق جاپالىق كۈنلەردە سىز نېمىشقا قەتئىي چېكىنمىدىڭىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ، دىرېكتور ئىستاكاندىكى سۇنى ئىچىپ بولۇپ:

ــ ئەگەر مەن ھازىر قولۇمنى بوشاتسام، بۇ ئىستاكان قانداق بولار؟ ـ دەپتۇ.

ــ چوقۇم چېقىلىدۇ، ـ دەپتۇ مۇخبىر.

ــ ئۇنداقتا قاراڭ ـ ھە! ـ دەپ دىرېكتور قولىنى بوشاتقان ئىكەن، ئىستاكان يەرگە زىل ئاۋازدا چۈشۈپتۇ ـ يۇ، چېقىلماپتۇ. بۇ چاغدا دىرېكتور:

ــ سىز ئەمەس، بۇ يەردە ئون ئادەم بولسا، ئون ئادەمنىڭ ھەممىسى بۇ ئىستاكاننىڭ چېقىلىشىدىن شۈبھىلەنمەيدۇ. بىراق بۇ يەردىكى سىر شۇكى، بۇ ئىستاكان ئادەتتىكى ئەينەك ئىستاكان ئەمەس، بەلكى، پولات ئەينەكتىن ياسالغان ئىستاكان، ـ دەپتۇ.

خۇرسەنئاي مەتىمىن تەرجىمىسى

# كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ خىللىشىشى دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى دەل مۇشۇنداق ئۇچۇرلاشقان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ تۈرلۈك داڭلىق تېلېگراف مۇلازىمەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلمەكتە، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تۈرلۈك ئۇچۇر بىلەن يېتەكلىمەكتە.

ADSL / LAN كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى: جۇڭگو ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى جاھاننى تۇتاشتۇرىدۇ. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى تەمىنلىگەن ADSL كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتىنىڭ يەتكۈزۈش سۈرئىتى 8Mbps كە يېتىدۇ. تور ئويۇنلىرى، يىراقتىن دەرس بېرىش، سوفتلارنى چۈشۈرۈش تولىمۇ ئوڭاي. ئۇ ئەنئەنىۋى تېلېفون ئارقىلىق نومۇر بېسىپ تورغا چىقىشتىن سۈپەتلىك، سۈرئىتى تېز. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تەمىنلىگەن نۇر كابېلغا بەش تۈرلۈك تور لىنىيە ئۇسۇلى بويىچە كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈش تېخنىكا پىلانى ئىشلىتىلگەن (LAN كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈلگەن) بولۇپ 1000 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى كىچىك ئولتۇراق رايوندىكى بىنالارغا، 100 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى سېكسىيەلەرگە (كورپۇس) (دەنيۈەن) ئون مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى ئۈستەلگىچە يېتىپ بارالايدۇ.

مۇقىم تېلېفون: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئىدارە ئورۇنلارنى، ئائىلىلەرنى قۇلاي ھەم تېز بولغان مۇقىم تېلېفون ئورنىتىش، نامىنى ئۆزگەرتىش، تىزىملىتىش، سىستېمىلىق باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئابونتلار تېلېفون ئورناتماقچى بولسا، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. نەق مەيداندا مۇناسىۋەتلىك خىراجەتلەرنى تاپشۇرسا، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تېلېفون ئورنىتىلمىسا، 10060 غا تېلېفون قىلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. تېلېفون بېرىپ تېلېفون ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولسا 10060 غا تېلېفون قىلسا، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ.

IP 17969.196 تېلېفون مۇلازىمىتى:

كارخانىلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە دۆلەت ئىچىدىكى رايون ئاتلىغان يانفون ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ كارخانا ۋە ئائىلىلەر ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلىگەن 17969 IP مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. بۇ مۇلازىمەت ئابونتلارنى قۇلاي، ئەرزان ئېنىق IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ 196 مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئابونتلارنى تىزىملاتقان تېلېفونى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ (بۇنداق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەلگىلىمە بويىچە ئەرزان). ئابونتلار ۋاڭ تۇڭنىڭ كەسپىي ۋاكالەتچىلىرى ياكى بىۋاسىتە كەسپىي خادىملىرى ئارقىلىق تېلېفون ئورناتسا، تىزىملاتسا بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئابونتلار مۇلازىمەت تېلېفونى 10060 غا تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

17968 IP كارتىسى تۈرىدىكى مۇلازىمەتلەر: ئابونتلار 17968 IP كارتىسىنى سېتىۋېلىپ، مۇقىم تېلېفوندا ياكى يانفوندا IP ئۇسۇلى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ. ئابونتلار 17968 نى، ھېساب نومۇرىنى، مەخپىي نومۇرىنى كىرگۈزۈپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

ئاممىۋى تېلېفون: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە قۇلايلىق ھەم تېز بولغان ئاممىۋى تېلېفون ئورنىتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى.

تېلېفونخانىلار: شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە نۇرغۇن تېلېفونخانىلارنى ئاچتى. شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى سېپىگە قوشۇلۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

16900 تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى

شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئابونتلارنى كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت يەنە كىرىش رەقىمى 16900 بولغان تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ ۋاڭ تۇڭ ئابونتلارنى مول مەزمۇنلۇق ئۇچۇر سۈپىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق چەكسىز ئۇچۇر دەۋرىگە بىرلىكتە قەدەم تاشلىغۇسى.





# يوقىلىۋاتقان تائام مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي سالاھىيىتىمىز

ئاينۇرە دۆلەت





20 ـ ئەسىر تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىزنى يېڭى بىر ئېراغا ئۇزاتتى. ۋاڭ ـ چۇڭلۇق شەھەرلەردىكى ئېگىز بىنالار تاغلار بىلەن بوي تالىشىپ بۇ زېمىنغا ھۆسن قوشتى. يۇقىرى ئاۋازلىق جاز مۇزىكىلىرى نېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلاپ، بىزنى ساماۋى تۇرمۇش ئىچىدىن سۆرەپ چىقتى.

20 ـ ئەسىر ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ئىچىدە، بىزنىڭ تائام مەدەنىيىتىمىزگىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، بىزنىڭ ئەنئەنىۋىلىك ۋە مىللىيلىكنى ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن بۇيان ئۆز سۈپىتى بىلەن ساقلاپ كەلگەن تائاملىرىمىزنى يىراق سەھرالاردا ئاسارىئەتىقە ئورنىدا ساقلىنىشقا، ھەتتا بەزىلىرىنى بولسا قامۇسلاردا ساقلاشقا ئۇزاتتى. تائاملارنىڭ كۆپ خىل بولۇشى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. ئەمما يۇقىرى سۈپەتكە ئېرىشىش ئويى بىر خىل ياخشى باشلىنىش بولغان بولسا، لېكىن قارىغۇلارچە سۈپەت قوغلىشىش تائام مەدەنىيىتىمىزنى كرىزىسقا پاتۇرۇپ قويدى.

تارىخى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭچيەنىنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرى تۇنجى قېتىم «يىپەك يولى»نى ئېچىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك ۋە قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى غەربىي يۇرتقا تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۈزۈم، ئۈزۈم ھارىقى، خۇشپۇراق دورا-دەرمەك ئۆسۈملۈكلەر ۋە «غۇز» (胡) نامىدىكى يېمەك-ئىچمەك، تائاملارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقاتقان. بۇ نەرسىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئۈچۈن كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇ ئېسىل نەرسىلەر ئۇلارنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرغان①.

خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋۇدى جاڭئەندىكى ئوردىسىدا ئولتۇرۇپ، شەرق گۈزەللىرىنىڭ نازۇ كەرەشمە بىلەن بېلىقتەك بەللىرىنى تولغاپ، يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سالغۇدەك ئۇسسۇلىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن تاماق يېگەن چېغىدىمۇ لەۋلىرىنى تامشىتقىنىچە: «ئەجەب تاتلىق تائاملاركەنغۇ بۇ، غەربىي يۇرت دېگەن شۇنداق سېھىرلىكمىدۇ؟ ئۇستىلىرىنىڭ قولى شۇنداق تەملىكمىدۇ؟» دەپ پىچىرلىغان②. «كېيىنكى خەننامە، بەش ئاناسىر ھەققىدە»دە: «خەن لىڭدى غۇز ئىگىنلىرىنى، غۇز چىدىرىنى، غۇز كارىۋىتىنى، غۇز ئورۇندۇقىنى، غۇز تائاملىرىنى... غۇز ئۇسۇلىنى ياخشى كۆرەتتى، ئاستانىدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تالىشىپ كېتەتتى» دېيىلگەن③. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خۇيلىن «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 37 ـ جىلدىدىكى «دارىنىلار»نىڭ 12 ـ سىدە «غۇز يېمەكلىكى، غۇز تائاملىرى دېگىنىمىز ـ پولۇ (华罗)، غۇز نېنى (炉饼)، غۇز پوشكىلى (胡饼)، قوتۇرماچ (烧饼)... قاتارلىقلاردۇر»④ دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تەمى تىللىرىدا قالغان ۋە «يەنە بىر يېسەم» دەپ ئارماندا قالغان تائاملىرىمىز مانا ئەمدى بىزگە كەلگەندە، بەزىلىرىمىز تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ياكى بەزىدە يېگەن ۋاقتىمىزدا كۈچلۈكلۈكىدىن سىڭدۈرەلمەي ۋە ياكى ئىشتىھايىمىز تارتماي «ھۆ» قىلىپ سالىدىغان ئەھۋاللارغا دۇچار بولۇۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزدە بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ياراتماسلىقتەك چىرىكلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئىتالىيىنىڭ «پىسا قاتلىمىسى»نى بىلىمىز.

ئەمما بىزنىڭ نەچچە خىل داۋايى ـ غىزايى قاتارلىق خۇرۇچلىرىمىز بىلەن تەبىئىتىمىز ۋە مىجەزىمىزگە ماسلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن يەرلىك قاتلىملىرىمىزنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمىز. ھەتتا بۇنداق تاماقلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغانلارمۇ بىزدە خېلى تولا. ئۇلار قانداقتۇر چەتتىن كىرگۈزۈلگەن «دېكىس»، «كېنتاكى»، «ماك دونالد» دېگەندەك يەرلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى ۋە ھەر خىل تورت ـ پېچىنلەرنى، مەيلى بۇلار بىزنىڭ ئىستېمال قىلىشىمىزغا ماس كەلسۇن ـ كەلمىسۇن تاللىماي يەۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېتىقادىمىزمۇ ئاز ـ تولا كىرىزىسقا پاتتى. ئېتىقادنىڭ كىرىزىسقا پېتىشى بىزنىڭ تائاملىرىمىزغا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئېھتىياجىمىزنى تۆۋەنلىتىپ تائام مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆز ئەسلىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز ھەتتا بەزى تائاملارنى سىرتتىن قوبۇل قىلىپ ئۆز قولىمىز بىلەن ئېتىپ يەۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما ئاشۇ تاماقنى يېگەن ئېغىزىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ تىلى بويىچە ئىسىم قويۇشقا، ھېچ بولمىسا ئەسلىي ئىسمىنى توغرىراق تەرجىمە قىلىپ كېڭەيتىشكىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىمىز.

«ئۇيغۇر تائاملىرى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ شىپالىق تائاملىرى»، «ئۇيغۇر قورۇمىلىرى ۋە تائاملىرى»، «مۇسۇلمانچە سوغۇق سەيلەر، قورۇمىلار، ئىچىملىكلەر» دېگەن كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئېتىپ يەپ كېلىۋاتقان جەمئىي 800 خىلدىن ئارتۇق تاماق تۈرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن. 800 خىل تائام دېگەن بۇ گەپ مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى تائام مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بىر ساھەگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن چوڭ بىر سان. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر بۇ 800 خىل تائامنىڭ ھەممىسى ئالدىڭىزدا بولسا سىز ھەر بىر ۋاقلىقىڭىزغا بىردىن يېسىڭىز، بۇ تاماقلار سىزنىڭ ئىككى يىل ئىككى ئاي 22 كۈن يېيىشىڭىزگە يېتىدۇ ھەم بىرەر قېتىممۇ تەكرارلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق شاھانە ئەسىرىدىمۇ، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ سانىنى 300 خىل ئەتراپىدا دەپ قەيت قىلغان.

ئەمدى بىز ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر تائاملىرىمىزدىن 50 خىل تائامنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلىشىمىز ناتايىن. بۇ بىزنىڭ ئۆزلۈكىمىزنىڭ كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئۇيغۇر تائاملىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرغا خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىنى جاھانغا نامايان قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى نامايان قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەرگە ئايلانغان.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 9 ـ قانال (ئىقتىساد ـ تۇرمۇش قانىلى) «تائام مەدەنىيىتى» پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، ناھايىتى ياخشى بولغان ئەھمىيەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلىپ بەردى. ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە ئاز قېلىۋاتقان نۇرغۇن تائاملىرىمىزنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇللىرىنى كەڭ كۆرۈرمەنلەرگە كۆرسىتىپ تولىمۇ ياخشى قىلدى..

ئەسلىدە بىزگە «باھانە»نىڭ كېرىكى يوق ئىدى، ئەمما بىزنىڭ پىسخىكىمىزدىكى ئاجىزلىق بىزنى تۈرلۈك باھانىلەرگە «قۇل» قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى مۇشۇ باھانىلەر تۈپەيلى بىزنىڭ چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرىمىز بىرەر قاچا ئىسسىق تاماق ئېتىپ يولدىشىنىڭ ئالدىغا قويالمايدىغان، چوڭلارغا بولسا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان مەززىلىك تامىقىنى سۇنۇپ: «قولىڭىز ئەجەب تەملىككەن قىزىم، قوللىرىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن» دېگەن ماختاشلارغا مۇيەسسەر بولالمايدىغان بولدى.

بىزدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشپەزلىك جەمئىيىتى» دېگەندەك فۇنكسىيىلىك ئورگانلار بولسىمۇ، بۇ ئورگانلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي تائام مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە جاھانغا يۈزلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرەر قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگىنى ۋە ياكى باشقا تەدبىر تۈزگىنى يوق. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 ـ دەرىجىلىك ئاشپەزلىك ئۇنۋانى ئالغان ئاشپەزلەردىن نەچچە مىڭى بار. بۇ ئۇنۋانىمۇ ئاشۇ ئاشپەزلىك جەمئىيىتى بەرگەن. ئەمما بۇ ئۇنۋاننى نېمىگە ئاساسلىنىپ بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھەتتا تائاملارغا قانداق ئۆلچەملەرنى قويۇپ باھالاش توغرىسىدىمۇ ئېنىق بىر پروگراما مەنچە بولسا تېخى يولغا قويۇلمىدى. بۇ جەھەتتە خۇيزۇ قېرىنداشلار خېلى كۈچەيدى. سىز ئۈرۈمچىدىكى «لەنشىياڭ»، «خېجۇ»، سانجىدىكى «ماشى» قاتارلىق كالا گۆشى ئۈگرىسى ئاشخانىلىرىغا كىرسىڭىز ئۈرۈمچى، لەنجۇ قاتارلىق يەرلەردىكى «كالا گۆشى ئۈگرىسى تەتقىقات جەمئىيىتى» تەرىپىدىن تارقىتىلغان شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنىڭ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈسىز، ئەمما بىزنىڭ ئاشخانىلىرىمىزدا بولسا «باج تاپشۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن»، «تازىلىقتا ئىلغار ئورۇن» دېگەن گۇۋاھنامىلەرنى كۆرۈسىز، مانا بۇلار ئەقەللىي بولغان ساۋاتتۇر.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ يېيىشكە مۇيەسسەر بولغان «ھالۋا»دىن ئىبارەت بۇ تاماقنىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نۇرغۇن باللىرىمىز «ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم يەر» دېگەندەك ماقال ۋە سۆزلەرنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ قالغاندا «ھالۋا» دېگەن نېمىدۇ؟ دەپ سوراپ

قالدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە «ھالۋا»دىن ئىبارەت بۇ تاماق خەلقىمىز ئۇزاقتىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان، مېجەز تەڭشەش ئالاھىدىلىكى بولغان ئېسىل تائاملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان تائاملىرىمىز ئەمەلىيەتتە بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا ئۆتۈپ، قانداقتۇر سىرتقى تائام قىزغىنلىقى دولقۇن كۆتۈردى. مىللىي تائام مەدەنىيىتىمىز، بولۇپمۇ، مىللىي ئەنئەنىۋى تائام مەدەنىيىتىمىزنىڭ يوقىلىشقا ئەگىشىپ، مىللىي سالاھىيىتىمىزدىن سۆز ئېچىشمۇ تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى.

مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇنتۇش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ياشلىرىمىز، بولۇپمۇ، قىزلىرىمىز مىللىي تائاملىرىمىزنى ئانچە ئىستېمال قىلىپ كەتمەستىن، بەلكى بەدەنگە ئازراقمۇ پايدىسى بولمىغان «مالاچۇەر» (ئاچچىق زىخلىق يېمەكلىكلەر)، «راگېنزا» (شىر چۆپ ياكى سوغۇق ئاش)، «خوگو» (ساماۋەر شورپىسى) قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار بەزىدە ھەتتا بۇ خىل يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئۈچۈن نەچچە بېكەت يول يۈرۈشۈپ، قانچە پۇللار خەجلەپ قايتىپ كېلىدۇ - يۇ، جاھاندىكى تائام شاھلىرى بولغان «پولو»، «كاۋاپ»لىرىمىزغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، ئىش مانا شۇنداق داۋاملاشماقتا، ئىستېھالىمىز ھەررەڭ - سەررەڭ بولۇپ ئۆزىنى نامايان قىلماقتا.

جەمئىيەتنىڭ كۈنسايىن ئالغا ئىلگىرىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، بىزنىڭ تائام مەدەنىيىتىمىزدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، مەززىلىك پۇراۋاتقان كاۋاپنىڭ ھىدى پەقەت تار كوچىلاردىن كېلىدىغان بولۇپ قالدى. رېستورانلىرىمىزدىن غەربچە ۋە باشقا چەت ئەلچە تائاملارنىڭ تېپىلىشى تولىمۇ ئاسانكى، مىللىي تائاملىرىمىزنىڭ تېپىلىشى تەس. بۇ خىل ھالەت بىزنىڭ مىللىي تائاملىرىمىزنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشكە تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي تائاملىرىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشىنى تېزلىتىۋاتىدۇ. تائام مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۇ دەرىجىدە غېرىب ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتىدۇ.

ئۇيغۇر تائاملىرى دۇنيا تائام مەدەنىيەت بايلىقى ئىچىدىكى بىر گۈل. بۇنى ئىسپاتلاشقا گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر كىچىككىنە بىر مەسىلىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

روسىيىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ناخشىچى مۇرات ناسىروفتىن روسىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى مۇنداق سوئال سورايدۇ:

- سىز قايسى مىللەتتىن؟

- ئۇيغۇر مىللىتىدىن.

- سىلەرنىڭ قانداق ئۆرپ - ئادەتلىرىڭلار بار؟ مەسىلەن: مىللىي تائاملىرىڭلاردىن نېمە تاماقلار بار؟

- مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلسام تولىمۇ نۇرغۇن، مىللىي تائاملىرىمىزغا كەلسەك، بىزنىڭ پولو، كاۋاپ، لەغمەن، مانتا، چۆچۈرە قاتارلىق نۇرغۇن تائاملىرىمىز بار...

لېكىن رۇسلار لەغمەن دېگەن گەپنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا بۇ چاغدا مۇرات ناسىروف ئۇلارغا: «ئىتالىيىنىڭ ماكارونىغا ئوخشايدۇ، لېكىن لەغمەندەك مەززىلىك تائام ھېچ يەردە يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دېمەك، بۇ يەردىكى مەسىلە، رۇسلارنىڭ «لەغمەن»دىن ئىبارەت بۇنداق ئېسىل تاماقنى بىلمەسلىك مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ تائاملىرىمىزنىڭ دۇنياغا يۈزلىنەلمىگەنلىك مەسىلىسى. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇرات ناسىروف ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا رۇسلار «ئۇيغۇر دېگەن قانداق مىللەت؟» دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا مۇرات ناسىروفنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ: «سىلەر قەشقەرنى بىلمەمسىلەر؟ قەشقەرنى بىلگەن ئادەم ئۇيغۇرنى بىلىدۇ، مەن ئاشۇ قەشقەرلىك» دەپ توۋلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، موسكۋانىڭ تارىخى قەشقەرنىڭ تارىخىدىن 1000 يىل قىسقا. دېمەك 1000 يىل ئارقىدا دېگەن گەپ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر تائامى، مەسىلەن، ئاشۇ لەغمەننى ئالايلى، ئەگەر ئاشۇ لەغمىنىمىز دۇنياغا مەشھۇر بولالىغان، ھېچ بولمىسا فرانسىيىنىڭ پىسا قاتلىمىسچىلىك شۆھرەتكە ئىگە بولالىغان بولسا، بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ دۇنياغا تونۇلغان، باشقىلار «ئۇيغۇر دېگەن قانداق مىللەت؟» دەپ سورىمىغان بولاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى، سالاھىيىتى مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىغان بولاتتى.

مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ ئۆزى بىلەن بىر زېمىندا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئورتاق گۈللەپ - ياشناپ، ئۆز ئۆرپ - ئادىتى، مىللىي غۇرۇرى، مەدەنىيىتى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى مۇكەممەل ساقلاپ، تارىخ سەھنىسىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق تارىخنامىلىرى، شۇنىڭغا مۇناسىپ تارىخى ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يېتەرلىك بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. بولمىسا مەزكۇر مىللەتنىڭ تارىخى ھەركىم ئاغزىغا

كەلگەننى بىلجىرلايدىغان تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ خالاس!

ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تائاملىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى دېمەكچى ئەمەسمەن. ھازىر ئويلاپ باقساق، ئۇيغۇر كاۋاپچىلىقى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بازار تاپتى. بۇ ئەلۋەتتە بىزنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ مىللىي تائاملىرىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ باشلىنىشى. ئەمما بۇ باشلىنىش ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش قەدىمى بولالمايدۇ. پولو ھەقىقىي دۇنياغا يۈزلەندى. ئەمما ئۇ ئۆزبېك ۋە ھىندىلارنىڭ نامىدا دۇنياغا يۈزلەندى. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ نەتىجىسى باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتى. بۇنى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ماركا ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۇيغۇر تائاملىرى ئوردىلاردا ئەڭ قىممەتلىك ۋە لەززەتلىك تائاملار ئىدى، پادىشاھلار مەخسۇس شىنجاڭدىن ئۇيغۇر ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چاڭئەنگە ئاپارغانىدى، ھەتتا ئۇيغۇر تائاملار كوچىسى شەكىللەنگەنىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ خان ئوردىسىدىكى مۇھىم تائام تەييارلاش ئەمەلدارى ۋە ئۇستىلىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى شۇ دەۋردىكى ئوزۇقشۇناس قوسقۇي (忽思慧) بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئەمەلدارى ئىدى. جۈملىدىن خان جەمەتىنىڭ تائاملىرىنى تەييارلاش، تائام تۈرلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ 1330 ـ يىلى يازغان «تائام تەييارلاش دەستۇرى»دېگەن كىتابىنى ئەنگلىيىلىك ئالىم روبېرت تاپمول ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى 100 چوڭ كەشپىياتى»دېگەن كىتابىدا قوسقۇينىڭ تۆھپىسىنى باھالاپ، «...بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ يېمەكلىك توغرىسىدىكى كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ئىدى⑤ . ھازىرچۇ؟ بۇ ھەقتە گەرچە نۇرغۇن باشلىنىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

قارايدىغان بولساق، «كېنتاكى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئاز ـ تولا غەربچە تەم ۋە ھۈنەر قوشۇلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ھەر كۈنى يەيدىغان ئاددىي توخۇ گۆشى. «كېنتاكى»، «ماك دونالد» دېگەنلەر دۇنيادىكى نەچچە ئونلىغان دۆلەتتە، نەچچە يۈز زەنجىرسىمان دۇكىنى بولغان، يەر شارى خاراكتېرلىك مەشھۇر شىركەتكە ئايلاندى. ئۇلاردىكى سىر نەدە دېيىلسە، ئۇ دەل ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي پىلان، ئىلغار باشقۇرۇش شەكلى، مەبلەغ پىلانلاش ۋە ئىشلىتىش، سۈپەت ۋە مەھسۇلاتنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ بازارنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

ئەگەر «ئارمان»، «ئامىنە»، «ئىخلاس» شىركەتلىرىمۇ بىز تىلغا ئالغان ئاشۇ شىركەتلەرنى تەتقىق قىلسا، پايدىلىق ئۆرنەكلەرنى قوبۇل قىلسا، «ئارمان»، «ئامىنە»، «ئىخلاس» دېگەن ئىسىملارنى رەڭگى ئۇزاققىچە ئۆچمەيدىغان، مىللىي ئىقتىسادنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. بۇ بىز قىلالايدىغان ئىقتىسادىي سالاھىيىتىمىزنى بېكىتىشتە قالتىس مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستە.

تائام مەدەنىيىتى ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قاتلامغا تەۋە ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى دەل ئۇنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدىكى بازار رىقابىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ سالاھىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا سالاھىيىتىمىزنىڭ نۇرى خۇنۇكلىشىپ بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن باشقا ئەنئەنىلىرىمىزمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ ۋە يوقىلىپ، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ تارىختىن يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەلۋەتتە. چوڭلاردا: «تائامنى ياراتمىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەنلىك ئۆزىمىزنىڭ تائاملىرىنى ياراتماي باشقىلارنىڭ تائاملىرىغا ئاشىق بولۇش ئەخلاق ـ پەزىلەتكىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، دېگەن گەپ. شۇڭا بىز نېمىلا بولمىسۇن، تائاملىرىمىزنى ئۆزىمىز قوغدىشىمىز، داستىخاندىن قوغلىماسلىقىمىز، ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئىمكانىيەت بولسا باشقا ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئۇيغۇر تائاملىرىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنى دۇنيا تائام مەدەنىيەت بايلىقى ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل قىلىپ ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك، بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى.

ئىزاھاتلار:


①② «شىنجاڭنىڭ ئىككى مىڭ يىلى ». لىيۇسۇن، لىيۇدى، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 11ـ، 12 ـ بەت

③④ «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى». ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 511 ـ بەت.

⑤ «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە». غەيرەتجان ئوسمان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، 144 ـ، 145 ـ بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتىدا)

# شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى بايراملار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى

يالقۇن تۇرسۇننىياز



شەھەر ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچتىكى مەھسۇلى. شەھەر، يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ. كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىمۇ ھەر خىل. ئومۇمەن ئەڭ بۇرۇنقى شەھەرلەر ئەڭ دەسلەپكى يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، يەنى ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشى، دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىشى ۋە بىر جايدا ئۇزاق مۇددەت مۇقىم ئولتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا بىر ئورتاق ئەندىزە بولمىغان. شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەڭ تىپىك يول يېزىلاردىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت. مېتاللارنىڭ بايقىلىشى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كۈچىدە غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئوشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئارىسىدا ھايات ـ مامات، تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ھاياتلىق ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا نىسبەتەن ئورتاق بىر كۆز قاراش ۋە ئېتىقاد پەيدا بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە توپ ئىچىدە داھى ۋە ئېتىقادچى شەكىللىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن، دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن جايلار مۇقەددەس ھېسابلىنىپ، بۇنداق جايلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە بۇ كىشىلەر غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى، ئۆزلىرىنىڭ توپ ئىچىدىكى ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئەتراپىغا تام ۋە سېپىللارنى سوقتۇرغان ياكى خەندەكلەرنى كولاپ مۇداپىئەلەنگەن. شەھەرلەر مەيلى قانداق بارلىققا كەلگەن بولمىسۇن، ئاۋۋال ئۇ دىنىي مۇقەددەس جايدا مەيدانغا كەلگەن.

ھازىرغىچە شەھەر توغرىسىدىكى تەبىرلەرمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلدى. ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شەھەر ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىپ كەلدى. «قىسقىچە بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى»دا شەھەرگە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بەرگەن: «نىسبەتەن ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە، يۈكسەك دەرىجىدىكى تەشكىللىككە ئىگە ئادەملەر توپلاشقان، بازار ۋە يېزىغا قارىغاندا كۆلىمى چوڭ بولغان، ناھايىتى مۇھىم جاي» ① .

شەھەر پەيدا بولغاندىن تارتىپ بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ سىياسىيسى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىپ كەتكەن. شەھەر ئاساسەن دەريا بويلىرىغا ياكى قاتناش تۈگۈنلىرىگە جايلىشىپ شۇ مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شەھەر تەرەققىي قىلىپ دۆلەتنىڭ ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي مەركىزىگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى زامان شەھەر فولكلورى بولسا قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان شەھەر فولكلورىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، بازار ئىگىلىكى، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش سالمىقىنىڭ كۈچىيىشى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرگەن. مەدەنىيەت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان بۈگۈنكى زامان شەھەر فولكلورى بۈگۈنكى زامان شەھەر خەلقىنىڭ ماددىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھەر خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قوشۇلۇشى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، مەدەنىيەتنى تىرىلدۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشتەك قوش يۆنىلىشلىك ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ تېز راۋاجلىنىشى، سىرتقا قارىتا ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە بۈگۈنكى زامان شەھەر تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى رەڭدارلىشىش نەتىجىسىدە شەھەرلەردىكى ھېيت ـ بايراملار گۈللىنىش، خارابلىشىش ۋە يوقىلىشتەك ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى يېزا تىپىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسى ئۆچۈپ، قەدىمىي كەيپىيات سۇسلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ تەبىئىي ئالاقىسى، شەھەر خەلقىنىڭ شەھەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قەدىرلىشى ۋە سېغىنىشى نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملارغا تولۇق ۋارىسلىق قىلالماي، ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنى ساقلاپ قالىدۇ. يەر شارىلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىش ئىجتىمائىي ئېقىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو ۋە غەربنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۇچرىشىپ، سىڭىشىپ، مۇرەككەپ بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بايرامدىن ئىبارەت بۇ فولكلورىستىك ھادىسىدىمۇ ئوخشاشلا كۆپ خىللىق ۋە مۇرەككەپلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

## 1. شەھەرلەردىكى ئەنئەنىۋى بايراملار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئادەت شەكىللىرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا كۆپ خىل بولىدۇ. ئەنئەنىۋى بايراملار مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيىتىنىڭ ئانا تۇپرىقىدىن ئىبارەت.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى بايراملار بىر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقادى، سەنئەت، ئىجتىمائىي ئالاقە، مىللىي پسىخىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللىتىمىز قەدىمدىن تارتىپ پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل بايراملارنى، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ بايرام ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچىدە نورۇز بايرىمى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

(1) نورۇز بايرىمى

تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى بايرام بولۇپ خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بويىچە كونا يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل باشلانغان كۈن، يەنى مىلادىيە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن كۈنى، باھارنىڭ تۇنجى كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن.

نورۇز بايرىمىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى:

نورۇز بايرىمى كىرىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كىشىلەر يۇرت ـ مەھەللە بويىچە ئۆي بىساتلىرىنى قېقىپ ـ سىلىپ چوڭ تازىلىق قىلىدۇ. نورۇز كىرگەن كۈنى سەھەردە نورۇز ناغرىسى چېلىنىدۇ. چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەنزىرىلىك جايلارغا توپلىشىپ، نورۇزغا ئاتاپ تەييارلىغان ھەر خىل ئويۇنلىرىنى ئوينىشىدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى تەييارلىغان نومۇرلارنى ئورۇنلايدۇ. ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ. مەكتەپ باللىرىمۇ مۇئەللىملىرى تەييارلاپ بەرگەن نورۇزنامىلەرنى گۈللۈك تاختىلارغا يېزىپ، رەتلىك تىزىلىپ

نورۇزناملارنى ئوقۇشىدۇ.

نورۇز بايرىمىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىنىپ نوزۇر ئېشى تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشى كۆپىنچە يەتتە ياكى توققۇز خىل دانلىق زىرائەتتىن تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشىغا مۇشۇ بايرامغا قاتناشقان ھەممە كىشى ئېغىز تېگىدۇ. ئاخىرىدا، بايرامغا قاتناشقان كىشىلەر يېڭى يىلدا بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ قايتىشىدۇ.

نورۇز بايرىمىدا جامائەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىنىپ، كىشىلەرنى تەشكىللەپ كۆچەت تىكىش، بۇزۇلغان كوچا - كويلارنىڭ يوللىرىنى ئوڭشاش، سۇ ئىنشاھات ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش... تەك ساخاۋەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلارمۇ قىلىنىدۇ.

بايرام ۋە مۇراسىم فولكلورى مىللىيلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ساھەسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ياكى يوقىلىشى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسى. شەھەرلەردىكى ئەنئەنىۋى بايراملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئۆزگىرىشنىڭ ئالمىشىشى مىللىي ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە قايتىدىن بىرلىشىشىدىن ئىبارەت جەريان بولۇپ، بۇ يەنە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىدۇ.

شەھەرلەردە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى روشەن ئۆزگەرگەن، يەنى سۇسلاشقان. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل. تۆۋەندە بىز بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

شەھەرلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنقى فرونتى. شەھەرلەر مەدەنىيەتتىكى زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشتا قوبۇل قىلىش ئاساس، سىنتېزلاش ۋە ئۇنى ئەنئەنە بىلەن بىرلەشتۈرۈش قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىمىز قوبۇل قىلىشتا بەك ئاكتىپ بولغاچقا، قوبۇل قىلىشنىلا بىلگەن، ئۇنى ئەنئەنە بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىغان ياكى ئۇنتۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەبلىك بىزدە ئەنئەنە بىلەن ياتلىشىش، ئەنئەنىنى ئۇنتۇشتىن ئىبارەت بىر ھالەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئەنئەنىۋى بايراملارنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى سۇسلاشقان ياكى ئۇنتۇلغان.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ نورۇزلۇق سەنئەت كەچلىكى، مەخسۇس پروگرامما گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس پروگراممىلارنى ئىشلىشى بىلەن بۇ بايرام شەھەرلەردە ئاممىۋىلىق بىلەن خاراكتېرلەندى.

شەھەرلەردىكى تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان بوشلۇقنىڭ كىچىك بولۇشى، شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ توپلىنىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نورۇز بايرىمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆتكۈزۈلۈش مۇھىتى تارلىشىپ، ئاساسەن رېستورانلاردا، بىر نەچچە ئەل - ئاغىنە ياكى خىزمەتداش بىرلىشىپ تەبرىكلەشكە قاراپ يۈزلەنگەن.

زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرى - تېلېفون، قول تېلېفون قىسقا ئۇچۇرلىرى، تىلخەت قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەبرىكلەش پەيدا بولغان. قىسمەن ئائىلىلەردە ئائىلە بويىچە تەبرىكلەشمۇ مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇلار نورۇز ئېشى ئەتمەستىن، بەلكى باشقىچە تاماق ياكى قورۇمىلارنى تەييارلىغان. شۇڭا، ھازىرقى بالىلارنىڭ نورۇزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك، نورۇز ئېشىنىڭ نېمىدىن تەييار بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا تەييارلىغان خۇرۇچلارنىڭ نېمە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمەي، بەلكى كېندىجى، مەيداڭلاۋ دېگەنلەرنى بەش بارمىقىنى بىلگەندەك بىلىپ كېتىشى پىكرىمىزنى يەنە بىر قەدەم دەلىللەيدۇ.

ئەمما بۇ يىل شەھەرلەردىكى بىر قانچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر نورۇز بايرىمى كۈنى ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مەكتەپلەردە ئەنئەنە تەربىيىسى سۈپىتىدە نورۇز بايرىمىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، نورۇز ئېشىنىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئەنئەنە ۋە ئەنئەنىۋى بايراملار توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. بۇ ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ.

(2) قۇربان ھېيت

قۇربان ھېيت - ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇنداقلا خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مىللىي ۋە دىنىي بايرىمىدۇر.

مىلادى 932 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇلكېرىم ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تەدرىجىي ئومۇملىشىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇ دىن بىلەن بىرگە كىرگەن دىنىي ئېتىقاد، قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ بۇ دىنغا كىرگەن مىللەتلەرنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئامما ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ مىللىي بايرام تۈسىنى ئالغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە قۇربان ھېيت مىلادىدىن ئىلگىرىكى 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىبراھىم خەلىلۇللادىن باشلانغان. ئىبراھىم خەلىلۇللا ئوغلى ئىسمائىلنى ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مەككىدىكى مىنا تېغىغا ئېلىپ چىقىپ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان. ئىسمائىلمۇ سەممىيەت ۋە ئىتائەت بىلەن تۇرۇپ بەرگەن. شۇ ئەسنادا ئاللا تەرىپىدىن: «قۇربانلىقىڭ ماڭا قوبۇل بولدى» دەپ سادا كەلگەن ۋە پەرىشتە ئارقىلىق بىر قوچقار كەلتۈرۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئوغلى ئورنىغا ھېلىقى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كۈن قۇربان ھېيت كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

قۇربان ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ (زۇلھەججىنىڭ)10 - كۈنى بولىدۇ. بۇ كۈنى دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز جايلىرىدا ھېيت قىلىدۇ.

2006.6

قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئادەتتە ھېيت كۈنلىرى يېقىنلاشقاندا ھەممە ئائىلىلەر كىر - قاتلارنى يۇيۇپ، ئۆي بىساتلىرىنى يېڭىلاپ، گىلەم - كىگىزلەرنى قېقىپ، ھويلا - ئاراملىرىنى قايتىدىن سەرەمجانلاشتۇرىدۇ. كوچا - كويلارنى تازىلاپ، ئادەتتىكىدىن پاكىز ۋە رەتلىك قىلىۋېتىدۇ. ھېيتلىق ئۈچۈن كىيىم سېتىۋالىدۇ، ناۋادا قۇربى يەتمىسە كونا كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇپ، ياماپ بولسىمۇ كىيىدۇ. ھەممە ئادەم شەخسىي تازىلىق قىلىدۇ.

ھېيت كۈنى كىشىلەر چوڭ جامە ۋە كەڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا يىغىلىپ، قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ «ئايەملىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئاجىز، يېتىم، كەمبەغەللەرگە پۇل، مال قاتارلىق نەرسىلەرنى سەدىقە بېرىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتىپ قۇربانلىققا ئاتىغان ماللىرىنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلغان كىشى قۇربانلىق قىلغان مېلىنىڭ گۆشىنى ئاساس، نان - توقاچ، ساڭزا، بوغۇرساق قاتارلىق يېمەكلىكلەر، قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى قوشۇمچە قىلىپ داستىخان ھازىرلايدۇ.

قۇربان ھېيتتا قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا ئەپۇ سورىشىپ يارىشىپ قالىدۇ. يۇرت چوڭلىرى ئالدى بىلەن يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋا، پېقىر - مىسكىن، ئاجىز - ئورۇق ۋە كېسەل كىشىلەرنى يوقلايدۇ. ھېيت كۈنى مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا ياكى پەشتاقلاردا ناغرا - سوناي ياڭراپ، كىشىلەر رەتلىك ھالدا ساما سېلىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

(3) روزا ھېيت

ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي بايرامدۇر. ئىسلام كالېندارى بويىچە (ھىجرىيە) ھەر يىلى 9 - ئاي «رامىزان ئېيى»دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدا يېڭى چىققان ئاي ئۆلچەم قىلىنىدۇ. روزا تۇتۇش رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئاخىرلىشىپ ھىجرىيە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى روزا ھېيت بولىدۇ. رامىزان ئېيىدا كېچىسى باللار مەھەللىدىكى ئۆيلەرگە بېرىپ رامىزانلىق (رامىزان قوشاقلىرى)نى ئېيتىدۇ.

روزا ھېيت ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

روزا ھېيت كېلىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم قۇربان ھېيتنىڭ تەييارلىقىغا ئوخشاشلا تازىلىق قىلىدۇ. روزا ھېيتنىڭ 1 - كۈنى مەسچىتلەرگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ھېيت نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نامازغا قاتناشقانلار ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ، ھېيتلىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ. يېتىم - يېسىر، يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا روزا تۇتقان ھەر بىر ئادەم ئۆلچەم بويىچە، ئائىلىسىدىكى جان سانىغا قاراپ ئۇن ياكى شۇنىڭ بەدىلىگە پۇل سەدىقە قىلىدۇ. قەبرىستانلىققا بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ

قەبرىلىرىنى يوقلاپ دۇئا قىلىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتىپ يۇرت ـ مەھەللە، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ بۇرادەرلەرئارا ھېيت قىلىدۇ.

مەيلى قۇربان ھېيت ياكى روزا ھېيت بولمىسۇن، بۇ بايراملار ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مىللىيلىككە ۋە ئەنئەنىۋىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن.

شەھەرلەردە قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتنىڭ تۈپكى نېگىزى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر بۆلۈك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

شەھەرلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ــــ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئىقتىسادنى مەركەز قىلىشى، ئېتىقاد نۇقتىسىنىڭ بۇرۇلۇشى سەۋەبىدىن دىنىنىڭ سۇسلىششى كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزىغا بارمايدىغان، روزا تۇتمايدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

ھېيتلىششتا «ئۆي كىچىك، ھېيتنىڭ ۋاقتى قىسقا» دېگەننى باھانە قىلىپ، ھېيتتىن كېيىن رېستورانلاردا بەس ـ بەستە ھېيتلىشىش نامى بىلەن تۈرلۈك سورۇنلار تۈزۈلۈپ، نۇرغۇن ئىقتىساد ۋە ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان قىلمىشلار كۈندىن كۈنگە گەۋدىلىك بولماقتا.

ھېيتتا ئەڭ ئالدى بىلەن چوڭلارنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاشتەك بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بولسىمۇ، لېكىن نامراتراق قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدىغان ياكى ھېيتنى بىر ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ ئىشىكنى ئاچمايدىغان قىلمىشلار بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

قىسقىسى، ھېيتتىكى ھېيتلىششنىڭ شەكلى، دائىرىسى، ھېيتلىشىش سورۇنى ئۆزگەرگەن. ھېيتمۇ ئۆز ئارا يوقلىششتەك مەقسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئولتۇرۇشقا ۋە يەپ ـ ئىچىشكە ئايلىنىپ كەتكەن.

**2. شەھەرلەردە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان بايراملار**

شەھەرلەردە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان بايراملار دېگىنىمىز، مىللىي ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولمىغان، بىر قەدەر كېيىن پەيدا بولغان، كىشىلەر تۈرلۈك زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن پەيدا قىلغان بايراملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

1) سىياسىي خاراكتېرلىك بايراملار ①

بۇ خىلدىكى بايراملار جەمئىيەتتىكى سىياسىي، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىشلىق، دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە جاكارلانغان بايراملار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ كۆرەش تارىخىي ۋە جەمئىيەت غايىلىرىنىڭ خاتىرىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «8 ـ مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى»، «1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى»، «4 ـ ماي ياشلار بايرىمى»، «1 ـ ئىيۇل پارتىيە قۇرۇلۇش بايرىمى»، «1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمى»، «1 ـ ئۆكتەبىر بايرىمى»قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2) ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان بايراملار ②

بۇ خىلدىكى بايراملاردا بايرام شەكلىدە پۈتۈن جەمئىيەتنى ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلارغا ئاتلىنىش چاقىرىق قىلىنغان بولۇپ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. يەنى «كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىپ، مۇھىتنى قوغدايلى»، «بالىلارنى ئاسراپ، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلايلى»، «پەن ـ تەتقىقات ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرەيلى، ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلايلى» دېگەندەك چاقىرىقلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ بايراملار 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى «كۆچەت تىكىش بايرىمى»، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «خەلقئارا بالىلار بايرىمى»، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى»قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) خەلقئارالىق مەخسۇس تېمىدىكى بايراملار

مەلۇم بىر ساھەنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارادىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر كەسىپنى چۈشىنىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرگە بەخت يارىتىدىغان مەخسۇس تېمىدىكى يەر شارىلاشقان بايراملاردىن ئىبارەت.

بۇ بايراملار 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا سۇ كۈنى»، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا ھاۋارايى كۈنى»، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا سەھىيە كۈنى»، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا يەر شارى كۈنى»، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا سېسترالار بايرىمى»، 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا تېلېگراف كۈنى»، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا مۇھىت كۈنى»، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا سەيلە ـ ساياھەت كۈنى»، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا پوچتا كۈنى»، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا ئاشلىق كۈنى»، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «دۇنيا ئەيدىز

كۈنى»قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4) سەيلە ـ ساياھەت خاراكتېرلىك بايراملار

بۇ بىر خىل مەدەنىيەت بايرىمى بولۇپ، مەلۇم رايوندىكى داڭلىق ھەم يەرلىك، مىللىيلىككە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلارنى ۋە شۇ جايلاردىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مەركەز قىلىپ، كۆرگەزمە قىلىش، سېتىش، شۇ ئارقىلىق ساياھەت ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بايرامدىن ئىبارەت. ھازىر دىيارىمىزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ساياھەت بايراملىرىدىن ــ تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان «تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى»، قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «قۇمۇل قوغۇن بايرىمى»، خوتەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان «خوتەن قاشتېشى بايرىمى»قاتارلىق بايراملار بار.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يېقىندىن پەيدا بولغان بايراملار ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇ شەھەر خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بەلگىلىك دەرىجىدە شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى تەڭشەپ شەھەرلەردىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

**3. غەرب دۆلەتلىرىدىكى بايراملارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى**

ئىسلاھات، «ئىشىك»نى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ كۈچىيىشى، دۆلىتىمىز بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، غەربنىڭ بىر قىسىم بايراملىرى ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى ئارقىلىق رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىپ مەركىزىي شەھەرلەردە كەڭ ئەۋج ئالدى.

1) رودېستۋو بايرىمى (مىلادىيە كالېندارىدىكى يېڭى يىل بايرىمى) ③

رودېستۋو بايرىمى ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان، يەر شارى خاراكتېرلىك بايرام. بۇ بايرام غەرب دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن يېڭى يىل ھېسابلىنىدۇ. ھارپا كۈنى «تىنچلىق كېچىسى»دېيىلىدۇ. بۇ بايرام دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ، لېكىن بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئايلانغىنىغا 20 يىلدەك ۋاقىت بولغان بولۇپ، دەسلەپتە چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلغان ئورۇنلار ئۇلارغا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ بەرگەن. كېيىن سودىگەرلەر بەسبەستە بازار تالىشىپ، مېھمانخانا، ئاشپۇزۇللاردا «رودېستۋو يورۇشلۇق غىزالىرى»نى چىقىرىپلا قالماي، رودېستۋو ئارچىسى، رودېستۋو بوۋاي قاتارلىقلار بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىنى بېزىگەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ بايرام ياشلار ئارىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان بايرامغا ئايلانغان. بۇ بايرام شەھەرلەردە كىشىلەر ئارىسىدا دوستىغا، سۆيگۈنىگە، تۇغقانلىرىغا رودېستۋو (يېڭى يىل)لىق تەبرىك ئاتكىرىتكىلىرىنى ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش؛ سۆيگۈنىگە، كىچىك بالىلارغا شاكىلات، ئويۇنچۇق ۋە باشقا سوۋغاتلارنى بېرىشتەك شەكىللەر بىلەن تەبرىكلىنىۋاتىدۇ. يەنە كوچىلارغا رەڭلىك چىراغلار ئېسىلىپ، ماگىزىن ـ سارايلارنىڭ ئالدىغا رودېستۋو ئارچىسى ۋە رودېستۋو بوۋاي قاتارلىقلار قويۇلۇپ كوچىلاردا ھەر خىل نىقابلارنى كىيىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ بايرامنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان پائالىيەتلەر ناھايىتى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلماقتا.

رودېستۋو بايرىمى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى ئارقىلىق شەھەرلەردىكى خەلقىمىز ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇ خەلقىمىز ئارىسىدا يېڭى يىل بايرىمىدىن دېرەك بەردى. ئەسلىي مىللىتىمىزنىڭ يېڭى يىلى ـ نورۇز بايرىمى بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمىز يىل ئاخىرىدا تەبرىكلەش پائالىيىتى يوق دەپ قارىدىمۇ، ئەيتاۋۇر خەلقىمىزمۇ 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرامنى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە سۈرۈپ تەبرىكلەيدىغان بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شەھەرلەردىكى مىللىتىمىز ئىچىدىن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم مۇرتلار چېركاۋلارغا يىغىلىپ رودېستۋو بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەبرىكلەش شەكىللىرى ئاساسلىقى كىشىلەر ئارىسىدا دوستىغا، سۆيگۈنىگە، تۇغقانلىرىغا يېڭى يىللىق تەبرىك ئاتكىرىتكىلىرىنى ئەۋەتىش، سۆيگۈنىگە شاكىلات قاتارلىق سوۋغاتلارنى بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغىنى شۇكى، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە ئەتە يېڭى يىل دەپ قاراپ، پۈتكۈل ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، ئىدارە ـ

جەمئىيەتتىكى خىزمەتچى خادىملار سىنىپ ۋە رېستوراند-
لاردا ناھايىتى داغدۇغا بىلەن مەخسۇس تەبرىكلەش پائا-
لىيەتلىرىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرماقتا.

2) ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى ④

ئاتالمىش ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمى ئەسلىدە
«سان. ۋارونتىن بايرىمى» بولۇپ، قەدىمكى رىمدا پەيدا
بولغان. ئىيتىلشىچە، سان. ۋارونتىن ئىسىملىك پوپ ۋە
باستىر مىلادى 270 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆلۈش
ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىغا خەت يېزىپ ئۇلارغا ئۆز-
لىرىنىڭ ساداقىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان. كېيىن
كىشىلەر مۇشۇ كۈن ئارقىلىق ئۇلارنى خاتىرىلىگەن ۋە
مۇھەببەت ئاساسي تېما قىلىنغان «سان. ۋارونتىن»
بايرىمىنى تەدرىجي شەكىللەندۇرگەن. كېيىنكى مەزگىل-
لەردە بۇ بايرام ئاستا ـ ئاستا سۇسلاشقان بولسىمۇ، 20 ـ
ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تەبرىك ئات-
كىرىتكىلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ تارقىتىلىش شەكلى بىلەن قايتا
ئەۋج ئالغان. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان دېڭىز بويى را-
يونلىرىغا كەڭ تارقىلىپ، تۆت ـ بەش يىل مابەينىدە
ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرد-
شىپ، بايرام كۈنى ياشلار ئۆز سۆيگۈنىگە قىزىل گۈل
سوۋغا قىلىش ئەۋج ئالماقتا.

2) ئانىلار بايرىمى ⑤

بۇ بايرامنىڭ ئىجادچىسى ئامېرىكا فىلادىلفىيە شتاتى-
دىكى ئاننا. زاۋىس ئىسىملىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئانىلارنى خاتىرىلەي-
دىغان بىر بايرامنى تەسىس قىلىپ، بارلىق كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى ئانىلارنىڭ مۇھەببىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ
ئارقىلىق ئائىلىلەردىكى بۆلۈنۈش، كىشىلەر ئارىسىدىكى
ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى
(ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش)نىڭ كىشىلەر قەلبىدە قال-
دۇرغان جاراھەتلىرىنى يوقاتماقچى بولغان. 1905 ـ يىلى
ئاننانىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاننا ۋە ئۇنىڭ
سىڭىللىرى ئانىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن، ئىككى يىلدىن كېيىن دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ئامې-
رىكىدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىگە كۆپلەپ خەت يېزىپ،
«ئانىلار بايرىمى»نى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.
1908 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن
كۈنگە ئەڭ يېقىن بولغان يەكشەنبە كۈنىنى تاللاپ، ئۆز
ئانىسىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ۋە ئانىسى
ھايات ۋاقتىدا ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان گۈلدىن 500تالنى
مۇراسىمغا قاتناشقانلارغا سوۋغا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئا-
نىلارنى خاتىرىلەيدىغان پائالىيەتلەر ئامېرىكىنىڭ ھەرقاي-
سى شتاتلىرىدا ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان ۋە چەت ئەل-
لەرگە تارقالغان. 1912 ـ يىلى «خەلقئارا ئانىلار بايرىمى
جەمئىيتى» قۇرۇلغان. شۇ يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋىر-
سون 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ يەكشەنبىسىنى ئانىلار بايرىمى قىلىپ،
بايرامنىڭ ئىجادچىسى ئاننا. زاۋىس دەپ بېكىتكەن.

بۇ بايرام ئون يىللار مابەينىدە دېڭىز ياقىسىدىكى
رايونلار ئارقىلىق خەلقىمىز ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئو-
مۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى.

3) ئاتىلار بايرىمى ⑥

ئاتىلار بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئانىلار بايرىمىغا
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئامېرىكىدا ئوتتۇرىغا چىققان.
1909 ـ يىلى ۋاشىنگتون شتاتى سپوكېن شەھرىدىكى بىر
چېركاۋدا ئانىلارنى تەبرىكلەيدىغان بىر كاتتا مۇراسىم
ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا بىر سەھرالىق قىز ئۆز ئانىسىنىڭ ئال-
لىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ قىينچىلىقلارنى
يېڭىپ ئۆزى ۋە بەش ئىنىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى
ۋە دادىسىنىڭ ئائىلىگە قوشقان تۆھپىسىنى باشقا كىشى-
لەرگە بىلدۇرۇشنىڭ بىر پۇرسىتىنى تېپىشنى ئويلىغان ۋە
دەرھال «ئاتىلار بايرىمى»تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا
قويغان. ئۇ شۇ يەردىكى باستىرلار جەمئىيتى ۋە ياشلار
خرىستىئان جەمئىيتىنىڭ قوللىشى بىلەن، 1910 ـ يىل
6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەڭ
يېقىن بولغان يەكشەنبە كۈنى سپوكېن شەھرىدە مۇراسىم
ئۇيۇشتۇرغان، شەھەر باشلىقى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ يەكشەنبە-
سىنى «ئاتىلار بايرىمى»دەپ ئېلان قىلغان ۋە شتات
باشلىقى ئىمزا قويغان. 1924 ـ يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى
كولىج مۇشۇ كۈندە مەملىكەت بويىچە ئاتىلار بايرىمىنى
تەبرىكلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ 1972 ـ يىلى نىكسون
ئىككى پالاتانىڭ تەكلىپىگە ئىمزا قويۇپ، ئاتىلار بايرى-
مىنى پۈتۈن دۆلەت خاراكتېرلىك بايرام قىلىپ بېكىتكەن.
بۇ بايرامۇ ئوخشاشلا دېڭىز بويىدىن بىزگە كىرگەن
بولۇپ، شەھەرلىرىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلار ئەتىرگۈل
قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئاتىلار بايرىمىنى
تەبرىكلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا.

دېمەك، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن، چەت ئەللەردىن شەھەرلىرىمىزگە كىرىپ ئومۇملىشىۋاتقان بۇ بايراملار خرىستىئان مۇخلىسلىرى ۋە خرىستىئان تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن روياپقا چىققان بولۇپ، بىر قىسمىلىرى پەيدا بولغان يەردىكى دۆلەت دەرىجىلىك بايرام بولۇپ قالغان.

شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بايراملار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىمىزمۇ، چەت ئەللەردىن قوبۇل قىلغان بايراملارمۇ مەۋجۇت. چەت ئەللەردىن قوبۇل قىلغان بايراملىرىمىز ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭغا روشەن خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بايانلار ئارقىلىق بىزنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىمىزدە ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا، يات ئەللەرنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس.

چەت ئەل بايراملىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر فولكلور مەدەنىيىتىنى بېيىتقان بولۇپ، بۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئەھۋال، بىراق، بىز بۇنداق بايراملارنى قوبۇل قىلىشتا چوقۇم ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملارنى قوغدىشىمىز، قوغداش ئاساسىدا ئاندىن قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى قوغداش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر مۇھىم مەزمۇن.

ئىزاھات:

① «قىسقىچە بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى»، خەنزۇچە، 2 ـ توم، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 7 ـ ئاي. 272 ـ بەت.

② تاۋسىيەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو شەھەر فولكلورى»، خەنزۇچە، شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى. 172 ـ بەت.

③، ④، ⑤، ⑥ دىكى بايراملارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت مەزمۇنلارنى جېنلەن تۈزگەن «چەت ئەل ئۆرپ ـ ئادەت لۇغىتى» (خەنزۇچە)، سىچۇەن لۇغەتلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلدىكى نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

پايدىلانمىلار:

1) تاۋسىيەن قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو شەھەر فولكلورى»، خەنزۇچە، شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 10 ـ ئاي.

2) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1989 ـ يىل 7 ـ ئاي.

3) جۈنەيد بەكرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بايراملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى 4 ـ سان.

4) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 4 ـ ئاي.

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:**

2006 ـ يىل 5 ـ سان 69 ـ بەت ئاستىدىن 4 ـ قۇردىكى «زاۋۇت» دېگەن سۆزنى «زارۋات» دەپ، 28 ـ بەت ئاستىدىن 14 ـ قۇردىكى بىر جۈملە چۈشۈپ قالغان. بۇ جۈملە «قىزىل رەڭ جەنۇبنى، قارا رەڭ شىمالنى، كۆك رەڭ شەرقنى، ئاق رەڭ غەربنى، سېرىق رەڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۆرسەتكەن» دىن ئىبارەت بولۇپ، قوشۇپ ئوقۇشقىلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

**ئاپتورلار سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# هەقىقىي بايلىق، مۇقەددەس نىشان ئۆزىمىز

## كىمدە بار زىققا، كىمدە دەم سىقىش، داۋاسى مانا مەن شىپايى نەپەس

دەم سىقىش ئەسەبلەرنىڭ ھالقىلىق رول ئوينىشى بىلەن يەرلىك ئورۇندا بەلغەم كۆپىيىپ، نەتىجىدە كاناي شىللىق پەردىسى، نەملەشتۈرگۈچى بەزلەر، كاناي نېگىز پەردىسى قېلىنلاپ، شىللىق پەردە تېگىدە ياللۇغ پەيدا بولىدىغان سوزۇلما كاناي ياللۇغى خارەكتېرىدىكى كېسەللىك. دېمەك، دەم سىقىش خاس بىر سەۋەبتىن بولغان ساقسىزلىق ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل ساقسىزلىق مۇئەسسەلىرىدىن پەيدا بولسىمۇ، ئوخشاش بىر ئالامەتتە ئىپادىلىنىدىغان مۇرەككەپ ساقسىزلىق. شۇڭا ساقسىزلىقنى پەيدا قىلغۇچى ئەڭ ئاخىرقى بىرلا نەرسىگە تەسىر كۆرسىتىشنى تۇتقا قىلغان دورىلارنىڭ بۇ ساقسىزلىققا بولغان تەسىرى تازا بەك ياخشى بولماي كەلدى. ئۇيغۇر تېبابىتى ساقسىزلىقنى پەيدا قىلغۇچى ئەڭ يېقىن سەۋەبنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مېخانىزمىنى تۇتقا قىلغان ھالدا تەپەككۇر قىلىدىغان تېبابەت بولۇپ، ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆكۈنۈشكە نىسبەتەن روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا، كۆكنۇر يۇقىرى پەن-تېخنىكا شىركىتى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان دەم سىقىلىشقا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان رېتسېپ ۋە ئۇسۇملۇكلەرنى دەم سىقىلىش ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى بايقاشلار ۋە زامانىۋى دورىگەرلىك تېخنىكىسى ئاساسىدا قايتا رەتلەپ بېكىتىپ، دەم سىقىلىشنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلار ئۈچۈن شىپايى نەپەس دەملىمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ مەھسۇلات كانىيىدا زىيادە سېزىمچانلىق بار، چېكىش، سوغۇق ھاۋا، ئىستۇتەك، غەيرىي پۇراق، ھور، چاڭ-توزان، ۋەھاكازالارنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرۇپلا دېمى سىقىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە باب كېلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۈندە بىر بولاقتىن ئۈچ ۋاق ئىچىلىدۇ.

## مىڭ يىللىق گۆھەرنىڭ يەنە بىر جۇلاسى، ھاياتلىق ماددىسى شىپايى كالتىسي ھالال

تەسىرى: دەملىمىنىڭ تەسىرى تۇتقاقلىقنى يوقىتىدۇ. مېڭە، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى تازىلايدۇ. تومۇرلارنى ئاچىدۇ. مۇشۇ رولى بىلەن بوغۇم ئاغرىقلىرىغىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ. ئامپۇلنىڭ تەسىرى: تەبىئىي قۇۋۋەتنى كۈچەيتىدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى ئوڭشايدۇ، زېھىننى ئاچىدۇ، سېزىملەرنىڭ تۇتۇقلۇقىنى، پۇت-قوللارنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ. قۇلۇنجى، ئىستىسقا، بۆرەك، دوۋسۇن كېسەللىكلىرىگە، سوغۇقتىن بولغان بارلىق بىنورماللىققا پايدا قىلىدۇ. سۆڭەكنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەر ئىككىسى باللار ۋە چوڭلاردىكى كالتسىي كەملىككە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: دەملىمىنى كۈندە بىر تالدىن ئۈچ ۋاق قايناقسۇغا دەملەپ ئىچىدۇ. ئامپۇلنى بىۋاستە ئىچىدۇ. ئامپۇلنى باللارغا ئىچكۈزگەندە ئامپۇلنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، دورىنى دورا مىقدارىنىڭ 2 ھەسسىسىچىلىك سۇ بىلەن سۇيۇلدۇرۇپ بەرسەك دورا ئىچىشلىك بولىدۇ. ئىسسىق كېلىشتىن قورقسا، دورا سۈت بىلەن ئىچىلسۇن. ئامپۇلنىڭ ئىچىش مىقدارى قاپتا كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ.

كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللار: ئامپۇل ئىچىلگەندىن كېيىن بىلىنەر-بىلىنمەس ھالدا ئومۇرتقا ئۈستىدىكى تېرىدىن بىر نەرسە چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك سېزىم پەيدا بولۇپ، ئادەمنىڭ كېرىلگۈسى كېلىدۇ ياكى قول پەنجىلىرى ئۈستىخىنى يىلىكلىك سۆڭەكلەر بىلىنەر-بىلىنمەس ئاغرىيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال ھادىسىلەر ھېسابلىنىدۇ.

## شىپايى دىئابىت

تەسىرى: 1. نېرۋىنى پەسەيتىدۇ، خۇرسەنلىك ئاتا قىلىدۇ. ھالسىرىغان ئەزالارنى ماغدۇرلاندۇرىدۇ، ساقسىزلىق مېخانىزمىغا زەربە بېرىپ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىدۇ، قان بېسىمى ۋە قان قەنتىنى چۈشۈرىدۇ.

2. ئۈچەي، ماسارىقا ئەتراپىدىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلايدۇ. مۇسكۇلنى چىڭىتىپ سىرغىپ خوراشنى ئازايتىدۇ، مۇسكۇلنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنى ئويغىتىدۇ، تەشنالىقنى باسىدۇ.

3. ئاشقازان ئاستى بېزىدىكى يامان ئىللەتلەرنى تۈزەيدۇ. ئاشقازان ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقىنىڭ سان ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.










كىچىك پادىشاھ




كۆڭۈل مۇزۇرى -جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى دۇنيانى قاپلىغان
جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى:10060
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线
10060
كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ، جۇڭگو
تورخەۋەرلىشىشى بىلەن ئابونتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە
Beijing 2008
北京2008奥运会合作伙伴
CNC
中国网通
10060 ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرى تور خەۋەرلىشىش ئابونتلىرىغا ئۆز جايىدىكى تور دائىرىسىدە تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، بازار يۈرۈشتى بىلەن تەمىنلەيدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەھنىسى.
مۇلازىمەت تۈرلىرىمىز:
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线
10060
كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىمىز
ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىمىز
توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىمىز
بازار يۈرۈشتى بىلەن تەمىنلەيمىز
كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىمىز
جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى
中国网络通信集团公司新疆维吾尔自治区分公司



كۆكنۇر پەن - تېخنىكىسىنىڭ سوۋغىسى
科科努儿科技
شىپايى زەپەس
西宝清金
ئۈرۈمچى كۆكنۇر يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئېچىش ھەسسىدارلىق شىركىتى
乌鲁木齐科科努儿科技开发有限公司
شىپايى كالتسىي ھالال
ئامپۇلى
西宝钙口服液
西宝钙
شىپايى كالتسىي
ھالال
Janlale
氧立乐
ئۈرۈمچى كۆكنۇر يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئېچىش ھەسسىدارلىق شىركىتى